ئەخمەت تۈردى

# گۈلخان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەخمەت تۇردى

# گۈلخان

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:  زوردۇن سابىر

# گۈلخان

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1980 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1980 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·375
باھاسى: 0·32 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەشرىياتتىن

يولداش ئەخەت تۇردى 1940 - يىلى قەشقەر شەھرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى قەشقەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ داشۆي تىل- ئەدەبىيات پاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1964 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن باشلاپ «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

يولداش ئەخەت تۇردى 1958 - يىلى «تارىم» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۈرۈچ» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن باشلاپ يولداش ئەخەت تۇردى ئىزچىل ھالدا ھېكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

بۇ توپلامغا ياش يازغۇچىنىڭ ئىجادىي يولىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قىسىم ھېكايىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرجە


هاياتنڭ باشلنشى ........................... 1
دەشتكە باهار كەلدى ........................... 55
ئازات زامانمزدن ئايلناي ........................... 90
كۈرەش داۋام قلدۇ ........................... 103
مەرهابا، باغۋەن! ........................... 142
بەش مڭ كلومېتر يراقلقتا ........................... 152
گۈلخان ........................... 190

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# هاياتنىڭ باشلىنىشى

## I

ئالا توپاق قوشۇلغان ئەپچىلگىنە هارۋا يۈزىنى لەش بېسىپ كەتكەن كولنى ئايلىنىپ كەنت يولىغا كىرگەندە، هاۋا خېلى سالقىنلاپ قالغان ئىدى. هەرخىل ئوت - چوپ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى دىماققا ئۇرۇپ ئاستا چىققان غۇر - غۇر شامال، يولۇچىلاردا ئەتىگەندىن بېرىكى يول ئازاۋىنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك خۇشخۇي بىر سېزىم ئويغاتتى. بولۇپمۇ هارۋىنىڭ جالاق - جۇلغى بىلەن توپا يولىنىڭ ئاچچىق چاڭ - توزاڭلىرى مالال قىلغان گۈلباهار خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. كوكۈيۈن بىلەن قاشقا چېۋىنلار دەستىدىن بىردە كۈچىنىپ، بىردە تىرەجەپ هالسىراپ قالغان ئالا توپاقمۇ تېتىكلىنىپ بىر خىل تېزلىكتە سىلىق يۈرۈشكە باشلىدى.

— هاي جانىۋار!...هايۋان بولغىنىڭ بىلەنمۇ سۇ ئىچكەن ئېرىقىڭنىڭ پۇرىقىنى سېزىسەندە! — دېدى هارۋىكەش ئوزبېچە ئالا توپاققا زوقلىنىپ ۋە سولتەك قامچىسىنى يېنىدا قويۇپ ئازادە ئولتۇرۇۋالدى.

— ئاز قالدۇقمۇ روزىكا؟ — سورىدى گۈلباهار توزغىغان چاچلىرىنى تۈزىتىپ.

— كېلىپمۇ قالدۇق، قىزىم، مانا مۇشۇ يەرلەر بىزنىڭ گۆگ-
شىغا تەۋە. قانى قارايغىچە دۆيگىمۇ يېتىۋالىمىز.
بېزنىڭ ساپ هاۋالىق كەچكى مەنزىرىسى گۈلباهارنى ئۆز
قوينىدا ئەللەيلىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كوزلىرى
ئەتراپقا تىكىلگەنسېرى بەهرى شۇنچە ئېچىلاتتى. لېكىن ئۇ
ئۆزىگە هوزۇر بېغىشلاۋاتقان بۇ گۈزەل دۇنيادا قانداقتۇر بىر
نەرسىنىڭ كەملىگىنى، ئاستا - ئاستا سېزىشكە باشلىدى. ئېتىز
قىرلىرىدائوسۇپ بوغۇل ئاچقان هەر خىل گۈللەرنىڭ سۇل-
غۇن بەستى كەڭ كەتكەن ئېتىزلىقلاردىكى ۋايىغا يەتمەي قەد-
دىنى پۈككەن پاختا غوزەكلىرى ۋە ئوتياشلىقلاردىكى قويۇق
ساغۇچ رەڭلەر بۇ يېزىنىڭ بىر خىل نۇقسانىدەك كورۇنەتتى.
گۈلباهارنىڭ هارغىن كوزلىرى يول بويلاپ ئىلاندەك سوزۇل-
غان ئوستەڭگە چۈشكەندە، كوڭلى تېخىمۇ غەشلىككە تولدى. ئوس-
تەڭ يۈزىدىكى قۇم - سېغىزلار خۇددى ئومۇر بويى سۇ كورمى-
گەندەك قاغجىراپ كەتكەن ئىدى. ئالىقاندەك بىر كۈينى غىڭ-
شىپ كېتىۋاتقان روزىكام گۈلباهاردىكى بۇ تاسادىپى ئۆزگى-
رىشنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئاستا سورىدى:
— هە، قىزىم، يېزىمىزنىڭ جامالىدىكى بىر ياراشمىغان خال-
نى كورۇپ قالدىڭغۇ دەيمەن.
— سۇيۇگلار بىرئاز قىس ئوخشايدۇ، ... — دېدى گۈل-
باهار بىر خىل قايغۇرغان ئاهاڭدا.
— ئىمىسنى دەيسەن، قىزىم. قۇشلار ئۆز قانىتى بىلەن
كۈچلۈك بولغاندەك، يەرمۇ، دېخانمۇ مول سۇيى بىلەن كۈچلۈك.
هازىرغۇ هېچگەپ ئەمەس، لېكىن ئوتمۇشتە بۇ يېزىنىڭ باي-
پومېششىكلىرى قەهەتچىلىكتىن خەلقلەرگە ئېرىق - ئوستەڭلەردە
ئاتقان سۇزلارنى پۇلغا سېتىشاتتى، هەتتا قارلارنىمۇ پۇلغا سات-



قىلى تاس قالغان دېگىنە، قىزىم! — روزىكام ئېغىر بىر تىنى
ۋالدى - دە، بىرئاز مەيۇس ئاهاڭدا داۋام قىلدى، — دېگەندەك
يېزىمىزدا بىرلا سۇ قىيىنچىلىقىمىز بار. ئەگەر سۇيىمىز مول
بولىدىغان بولسا، بۇ يەرلەرگە تاش تېرىسپ، ئاش ئالاتتۇق...
هارۋا كاۋا چېچىكىدەك سارغايغان چوڭ بېھىلىك باغنى
ئايلىنىپ ئوتۇپ سولغا بۇرۇلغاندا، قارشى تەرەپتىن يوغان
سەللە ئورىغان بىر كىشى چىقتى - دە، گۈلباهارغا بىر پەس
تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، نەزىرىنى هارۋىكەشكە ئاغدۇردى:
— هە، روزاخۇن، هارمىغايلا، دەرۋەقە، ئەمدى چىقىشىڭلارمۇ-
ئىمە؟
— شۇنداق خەلپىتىم، — دېدى روزىكام ئالا توپاقنىڭ
چۇلۋۇرىنى تارتىپ.
خەلپىتىم هارۋىنىڭ ئالدىغا ئوتتى - دە، گۈلباهارنى ئىما
قىلىپ:
— دەرۋەقە، بۇياق هىلىقى بىزگە كەلگەن قىزچاققۇ دەيمەن؟
— هە، شۇنداق.
گۈلباهار تارتىنچاقلىق بىلەن يەر ئاستىدىن خەلپىتىمگە
قارىغان ئىدى، زاڭلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ
چېقىر كوزدىن چوچۇپ كەتتى ۋە توپلىسىنىڭ يىپىنى ئوڭلىغان
بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.
— دەرۋەقە دۇرۇس، يېزىنى راسا سېغىنىپتىكەنسەندە، قى-
زىم. ئاللانىڭ ئەمرى، هوكۇمەتنىڭ بۇيرۇغى، ئۆز پېشانەڭ،
كونوپ ۋاللاڭ ئەجەپ ئەمەس...
— كونمەيدىغان ئىمىسى بار خەلپىتىم؟! — دېدى روزى-
كام رەنجىگەن ئاهاڭدا، — هازىرقى ياشلار ئەگە تىكسە كوك-
لەپ مىۋە بېرەلەيدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دەرۋەقە، گېپىڭلىغۇ دۇرۇس، روزاخۇن، مەنمۇ شۇنى دەيمەن. ھەر ھالدا ياشتە! خوش...
خەلپىتىم قىز بىلەن مېڭىپ كەتتى. روزىكام تۇپاقنى دىۋىتىپ تۇرۇپ سورىدى:
— يول بولسۇن خەلپىتىم؟
— ھە، ئازنا مىچىتكە كېتىپ بارىمەن.
تۇردى خەلپىتىم ئاۋايلاپ بېسىپ ئۇزاپ كەتتى. ھارۋا بىر-ئاز ماڭغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئوڭ تەرەپتىكى سوقما تام ئارقىسىدىن شوخ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

ئىشتا بوپسەن ئاۋانگارت
شۇجىمىزدىن ئاڭلىدىم...

گۈلباھار دىققىتىنى يىغىپ ئەتراپقا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ چاڭقىغان قەلبى بۇ شوخ، يېقىملىق ناخشىنىڭ داۋامىنى كۈتەتتى:

كۆڭلۈم ئۈستىگە ئىشچان،
سىنى مەڭگۈ تاللىدىم...

— بۇ بىزنىڭ رەيھان، — دەپ چۈشەندۈردى روزىكام گۈلباھارنىڭ تەقەززاسىنى بىلگەندەك، — ئۆزى، كارامەت قىزدە!
شۇ ئەسنادا سوقما تامنى ئايلىنىپ قولىدا ئوغاق تۇتقان رەيھانمۇ خۇددى كېيىكتەك سەكرەپ چىقىپ كەلدى ۋە ئالدىغا كېلىۋاتقان ھارۋىنى كۆرۈپ چىپپىدە توختاپ قالدى.
— ئېيت قىزىم، ناخشاڭنى ئېيت! — دېدى روزىكام رەي-



ھانغا زوقلىنىپ، — مانا، مانا ساڭا گۈل ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى راستلا رەيھانگۈل بولىدىغان بولدۇڭدە!
— رەھمەت ساڭا روزىكا! — دېدى رەيھان ھېچبىر تارتىنماي تۇرماستىنلا، — گەپ گۈلۈڭنىڭ رەيھانغا ئۆزلىشىپ كېتەلىشىدە! ئىمىشقا دىگەندە بىز دالا رەيھانلىرى ئەمەسمۇ؟
تۇنجى ئۇچراشقان بىر تەكتۇشنىڭ ئاغزىدىن ھە دىگەندىلا بۇ چاخچاقنى ئاڭلاش گۈلباھارغا خېلى ئېغىر كەلدى. ئۇ، قاپىقىنى سۈزۈپ يەر ئاستىدىن رەيھانغا قارىدى: ئۇزۇن يەڭلىك، ئاددى چىت كۆينەك ئۈستىدىن قارا جىلىتكە كىيىۋالغان، بوستاندەك چاچلىرى بەللىرىگە چۈشكەن، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتىنىنى تاپىنىغىچە يېيىپ تۇرغان 19 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ساددە قىزنىڭ "قېنى، نىمە دەيسەن؟" دىگەندەك تەلمۈرۈپ تۇرغان قاراقات كۆزلىرى گۈلباھارنى ئويالدۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز رەيھانغا نىسبەتەن تۇنجى قېتىملىق مېھرى-مۇھەببەت ھىسسى ئويغاندى.
— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن قىزىم، — سورىدى روزىكام ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ.
— "جەننەت ئېرىقى" تەرەپتىن، ئۈيەرلەرنىڭ قونىقىنى بۈگۈن يىغىپ بولدۇق.
ھارۋا قوزغالدى ۋە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن كونىراپ قالغان بولسىمۇ، تېخى ھەيۋىتىنى يوقاتمىغان قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— مانا كەلدۇق قىزىم، — دېدى روزىكام گۈلباھارنى ئاگاھلاندۇرغاندەك، — مانا شۇ ھويلا سىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئۆۋاڭ بولىدۇ.
رەيھان قولى-قولىغا تەگمەي ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى: تور سومكا ئىچىگە سېلىنغان بىرقانچە كىتاب،

زورنال ۋە گۈلباھارنىڭ چامدىنىنى كوتىرىپ ئىچكىرى ماڭدى.

كەڭ ھويلىدا ئۈچ ئېغىزلىق چاققان ئۆي بار بولۇپ ئەڭ چوڭى شياۋدۈي ئىشخانىسى ئىدى. يەنە بىرسىدە يالغۇز تۇل ئانىسى بىلەن رەيھان ئولتۇراتتى. ئۈچىنچىسى بولسا شياۋدۈينىڭ كونا ئىسكىلاتى بولۇپ، تېخى ئۇنۇتۇلغانلا رەيھاننىڭ ئەپچىل قوللىرى بىلەن ئۇز ئەكىسىنى تاپقان ئىدى. گۈلباھار خۇددى يېڭى كېلىندەك ئېھتىيات بىلەن ئۆيگە كىردى. رەيھاننىڭ گۈلدەك قوللىرى بىلەن بېزەلگەن بۇ ئۆي گۈلباھارغا خېلى ياقتى. بۇلۇڭغا كونىراپ قالغان بىر كىشىلىك ياغاچ كارۋات قويۇلۇپتۇ. يەرگە بولسا بىر پارچە بورا يېيىلغان. ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس، ۋەيرانە بولسىمۇ كۆڭگەي تەرەپكە قارىتىلغان بىر دېرىزىسى بار ئىدى. قىلۋە تامدىكى خېلى ھەۋەس بىلەن ياسالغان تەكچىلەردە بىر دانە كىرسىن لامپىسى ۋە بىر - ئىككى چىنە تىزىلىپتۇ.

خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن لامپا ياندۇرۇلدى. رەيھان بىر پەس گۈلباھارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ياردەملەشتى - دە، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

مانا شۇ مىنۇتتىن باشلاپ گۈلباھار خوجيەن گۇڭشېسىنىڭ 2 - دادۈي «گۈلشەن» ئىشلەپچىقىرىش شياۋدۈيىنىڭ ئەزالار روييخېتىگە رەسمى كىرگۈزۈلدى.

★

گۈلباھار تاڭ جىمىلغىنىنى بۇزۇپ يېقىن ئەتراپتا قىچقارغان خورازنىڭ زىل ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. لېكىن تۇرغۇسى



كەلمەي ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپمۇ باقتى. ئۇيقۇسى قېچىپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە بىر پەس جىم ياتتى. ئەپتىدىن ياكى خۇشاللىق، ياكى خاپىلىقنى سېزىلمەيتتى. ئېھتىمال، ياتسىراۋاتقاندۇر.

دېرىزىدىن بىر كىمنىڭ كۆكتا شولىسى «لىپپىدە» كۆرۈندى - دە، غايىپ بولدى. گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئاخشام بايقىمىغان ئىكەن. ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىدە چوڭ باغ بولۇپ، بۇلۇڭدىكى كىچىككىنە ئىشىكتىن ئۇنىڭ بىر پارچىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گۈلباھار شۇ ياققا ماڭدى. پاھ... نېمە دېگەن گۈزەل باغ: ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بەرگەندەك ئەنجۈر، بېھى، ئەششاپتۇللارغا لىق تولغان سۇبھى ئاستىدىكى بۇككىنە بۇ باغ ئۇللۇق تاڭ شامىلى بىلەن تېخىمۇ جەزبىلىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. شىلدىرلاپ تۇرغان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۇياتچان قىزلاردەك ماراپ تۇرغان مېۋىلەر بىلەن بۇك باراڭلاردىكى شىڭگىل - شىڭگىل ناۋاترەڭ ئۈزۈملەر ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ كۆزنىڭ يېغىنى يېسە، مەرۋايىتتەك شەبنەملەر بىلەن تىترەپ تۇرغان ھەر ياڭزا گۈللەر ئەتىردەك خۇشپۇراق چېچىپ، ئادەمنىڭ قەلبىنى ھوزۇرلاندۇراتتى...

گۈلباھار تاللىق ئارىسىنى ئايلىنىپ چىقىپ، باغنى توغرا كېسىپ ئۆتكەن كىچىككىنە ئېرىق لېۋىدە توختىدى ۋە مامكاپ بىلەن سېرىق سەبدە قاپلىغان قىردا زوڭزىيىپ، جىمىرلاپ تۇرغان زۇمرەتتەك سۇغا قولىنى تىقتى.

— سىز بۇ يەردىكەنسىزدە!

گۈلباھار ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، يېقىملىق كۈلكە ئارىلاش قاراپ تۇرغان رەيھاننى كۆردى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھىلى قارىسام تېخى تۇرمىغان ئىكەنسىز، — دېدى رەيھان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئانام بىللە ناشتا قىلىلى دېگەن ئىدى.

— بىرئاز باغ ئايلاندىم. ئەتىگەنلىك ھاۋا ناھايىتى ياخشىكەن.

— قانداق، باغ سىزگە ياردىمۇ؟ — دەپ سورىدى رەيھان مەغرۇرلۇق بىلەن.

— ئىسمىنى دېيىسىز، جەننەت ئىكەن...

— ھازىر تېخى بىرئاز چولدەرەپ قالدى، 8 - ئايلاردا بىر كىرگەن ئادەمنىڭ چىققۇسى كەلمەيتتى. كېلەر باھارغىچە بولىسىڭىز تازا كۆرۈسىز...

— بولماي قەيەرگە بارىمەن؟ — دېدى گۈلباھار مەيۈس ئاۋازدا.

— مەنغۇ ئىشىنىمەن، ئەمدى... قۇشلارمۇ ئاخىر ئۆز ئۇۋىسىنى سېغىنىدۇ ئەمەسمۇ!

گۈلباھار بىرئاز جىددىيلەشتى ۋە ئىختىيارسىز:

— ئىشىنەمسىز، ئەمدىكى مېنىڭ بىردىن - بىر ئۇۋام مۇشۇ يەر بولىدۇ، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، — رەيھان ھاياجانلاندى، — ئەمدى راستىنلا خوشالمەن گۈلباھار، جۈرۈك ئۆيگە كىرەيلى، ئانام ساقلاپ قالدى.

— مەن تېخى يۇيۇنمىدىم، سىز كىرىپ تۇرۇڭ، مەن ھازىر...

رەيھان خوشاللىقىدا ئاللىنىمىلەرنى غىڭشىپ، ئۆيناقلىغىنىچە باغدىن چىقىپ كەتتى. گۈلباھار سەھەردىكى ئېقىن سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇندى، ئۆيگە كىرىپ سومكىسىدىن بورەك شەكىللىك ئەينەكنى ئېلىپ ئۆزىگە قارىدى:



ياماان ئەمەس، قىز دېگەن شۇنچىلىك بولىدۇ - دە! سىز يەنە 40 كۈندىن كېيىن توپ - توغرا يىگىرمىگە تولىدىغان، غۇنچىبوي، غورۇلاي كوز، كۈلگۈنچەك، سۆزۈك لەۋلىرى ئاستىدىكى سىيادانىدەك خالى تولغان يۈزىگە خويمۇ ياراشقان قوڭۇر چاچلىق بىر قىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ!

گۈلباھار يېزىغا كەلگەن بىرىنچى كۈنى تېخى ئۆزىگە تونۇشسىز بولغان رەيھاننىڭ ئاپىسى — رەۋىخان ئاچامنىڭ مېھماندوست داستىخىنىدا ناشتا قىلدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئۆيگە شىاۋدۇيجاڭ مەھمۇت كىرىپ، ئابىت شۇجىنىڭ گۈلباھارنى چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى - دە، ئىككىسى بىرلىكتە باشقۇرۇش رايونىغا قاراپ يول سالدى.

## II

بۈگۈن گۈلباھارنىڭ ئەمگەككە چىققان ئۈچىنچى كۈنى. ئۈلۈشكۈن ئۇ بىرقانچە ئاياللار بىلەن چوڭ بىر قورادا كۈنبويى قوناق سويدى. ئىش ناھايىتى كوڭۇللۈك ئۆتتى. كۈلكە، ناخشا - چاخچاقلار چاكقىغان دىللارغا ئارام بېرەتتى: «ئېيتىز بۇلبۇلى» دەپ نام ئالغان بىر جۇۋان تىنماي سايراپ تۇردى. ھەقىقەتەن نامىغا چۇشلۇق خىسلىتىمۇ بار ئىكەن:

يېڭى ئېيتقان ناخشامنى،
قاراتتىم ساڭا يارىم.
دېرىكىڭ يوق، قايدا سەن
قارا كوزلۇك خۇمارىم.

ناخشا توختىشىغا گويا ماراپ تۇرغاندەك ئىككى ئۇتسكۇنچى
يىگىت "يېنىڭدا مەن" دېگىنىچە قوراغا يۈگۈرۈپ كىرىپ
بالا تېردى. چاخچاقلار ئەۋجىگە چىقىپ ئىش مەيدانى خۇد-
دى بىر كوكۇللۇك ئويۇن سەھنىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. قەلبى
قايناق ئاقكوكۇل ئاياللارنىڭ سەممىي ئويۇن - كۇلكىلىرى
گۇلباھارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ناھايىتى شىرىن بىر تۇيغۇ ئويغاتتى.
دەرۋەقە بەزىدە، تۇت ئايال قوشۇلغان يەردە ئانچە -
مۇنچە غەيۋەتلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇگۇنكى كۇلكە - چاخ-
چاقلارمۇ بۇ ئادەتتىن ئانچە خالى بولالمىدى. تۇردى خەل-
پىتىمنىڭ رەپىقىسى نىيازخان "ۋىت - ۋىت"نىڭ سوز ئارىسىد-
كى "چولدە يۇرگەن دوغداق، كول قەدرىنى بىلمەيدۇ"، دې-
گەنگە ئوخشىغان دارىتما سوزلىرى گۇلباھارنىڭ
غەدىغىنى كەلتۇردى.
گەرچە نىيازخاننىڭ بۇنداق تېتىقسىز سوزلىرى باشقىلار
تەرىپىدىن تېگىشلىك دەككىسىنى يېگەن بولسىمۇ، لېكىن گۇل-
باھارنىڭ قەلبىنى خېلى دەرىجىدە ئازاپلاپ ئوتتى.
تۇنۇگۇن ئۇ، كوزلۇك بۇغداي يېرىگە قىغ چاچتى. بۇ، گۇل-
باھار ئۇچۇن ئەڭ ئۇزۇن ھارغىنلىق كۇن بولدى. ئىش تار-
قاق بولغانلىقى ئۇچۇن كۇلكە - چاخچاقلارغىمۇ ئانچە پۇرسەت
بولمىدى. ھەركىم ئوز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. گۇلباھار
دەسلەپتە رەيھاننىڭ شاگىرتى بولدى، كېيىن مۇستەقىل ئىش-
لەپ كەتتى. چۇشكىچە ئۇ خېلى بىجىرىم تۇرغان بولسىمۇ،
چۇشتىن كېيىن پۇتۇنلەي بوشىشىپ كەتتى. قول، پۇتلىرى
ئۇنىڭ خاھىشىغا بويسۇنمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، لېۋىنى چىش-
لەپ نومۇس كۇچى بىلەن كۇننى ئاران كەچ قىلدى. قوللى-
رى قاپىرىپ، بەللىرى بىركىم باستۇرما قىلىپ تۇرغاندەك ئاغ-



رىيتتى. ئۇ بۇ ھالنى ھېچكىمگە سەزدۇرمەستىن ئويگە كەل-
دى - دە، ئىشىكنى تاقاپلا يېتىپ قالدى...
بۇگۇن گۇلباھار ئاياللار گۇرۇپپىسى بىلەن قوناق ئوم-
سىغا چۇشتى. قوناق ئومىسىمۇ، ئومادە! سوڭگى قاتىمغان ئادەم-
لەرنى خېلى بىسارام قىلىپ، ئاسانلا كاردىن چىقىرىپ قويى-
دۇ. گۇلباھارمۇ خوپلا قىينالدى. ھەر بىر سولىنىڭ بېشىغا
چىققاندا ئېغىر "ئۇھ" تارتىپ، قوۋۇشۇپ قالغان بەللىرىنى
ئازان رۇسلايتتى. پات - پات كوز قىرى بىلەن شالاڭ بۇلۇت-
لار ئارىسىدا موكۇ - موكۇلەڭ ئويناپ يۇرگەن قۇياشقا كولۇ-
يۇپمۇ قويااتتى. قۇياشمۇ خۇددى گۇلباھارغا قاراپ ھېجايغان-
دەك ئۇنىڭ تېخىمۇ غەشلىكىنى كەلتۇرەتتى...
"بۇ يەردە ھايات قايناپدۇ، — دەپ كوڭلىدىن ئوتكۇزدى
گۇلباھار ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، — لېكىن باشقىچە... مۇ-
شەققەت كوپ!"
كۇن چۇشكە يېقىنلاشقاندا ئاياللار گۇرۇپپىسى چوڭ بىر
ئېتىزغا كوچۇپ، يېڭىدىن سول تۇتۇشتى. ئىش تېخىمۇ جىد-
دىيلەشتى. بۇ ھال گۇلباھارنىڭ بېشىغا ئىسسىتما سالدى. چۇ-
كى ئۇنىڭ ئومۇرتقا سوڭەكلىرى زىڭىلداپ، ئوغاق تۇتقان بار-
ماقلىرى تېلىپ كەتكەن ئىدى. كوڭلىدىمۇ قانداقتۇر بىر ئېزى-
لەڭگۇلۇك ھوكۇم سۇرۇشكە باشلىدى. لېكىن، ئامال قانچە،
كوپچىلىك ئىچىدە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مې-
ڭىش كېرەك: "ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭ-
چە" ئەمەسمۇ؟
گۇلباھار ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى كوتىرىپ يېنىغا
قارىۋىدى، قالغاچ قانىتىدەك تەكشى يېيىلغان سولچىلار ئوزى-
دىن بىرقانچە قەدەم ئالغا ئوزۇپ كېتىپتۇ، يېنىدىكى رەيھانمۇ

ئاللىبىر يەردە بېشىنى كوتەرمەي ئىشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەرلەردەك غولاچلاپ سالغان ئوغىسىدىن ۋاچىلداپ چىققان ئاۋازلار ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. گۈلباھار قانداقتۇر بىر تاسادىپىي كۈچ بىلەن ئىشقا جىددى كىرىشتى. لېكىن بەش مىنۇت ئۆتمەي، سول قولىنىڭ بارمىقىنى ئوغاق شىلىپ كەتتى...

رەيھان بېشىنى كوتىرىپ، كوكسىگە چۈشۈۋالغان قۇندۇزدەك بىر ئورۇم چېچىنى ئارقىغا سىلكىدى-دە، كەكۈ ماڭلىيىدا پاقىراپ تۇرغان تەر تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، گۈلباھارغا قارىدى. بۇ چاغدا گۈلباھار ئوغاقنى يېنىغا تاشلاپ، قولىنى ئۇۋۇلىغىنىچە پەرىشان ئولتۇراتتى. رەيھان يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئاپلا، قولىڭىزنى كېسىۋاپسىز-ھە! — دېدى ئۇ ئېچىنغان قىياپەتتە ۋە بېشىدىكى كونىراپ قالغان پەرەڭ ياغلىقىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن يىرتتى.

— قويۇڭ سىزنى رەيھان، — دەپ ئاچچىقلاندى گۈلباھار، — كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنمۇ ساپ-ساق ياغلىقنى يىرتامسىز؟

— ھېچقىسى يوق، ياغلىق دېگەن تېپىلىدۇ. قان توختىمىسى ياخشى، تۇتۇڭ قولىڭىزنى تېڭىپ قوياي.

گۈلباھار قولىنى سۇندى. رەيھان ئاۋايلاپ تېڭىشقا باشلىدى.

— گۈلباھار، سىز مېنىڭ سولىمنى ئېلىپ مېڭىڭ. مەن سىزنىڭكىنى، دەپ تەكلىپ قىلدى.

— نېمىشقا، — سورىدى گۈلباھار ئەجەبلىنىپ.

— ئەجەبلىنىدىغان ھېچيېرى يوق. قېنى ئەمىسە بېرىڭ، —



دېدى رەيھان ئوتتۇنۇش بىلەن.

گۈلباھار ئوغاقنى قولىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ چولتىلىقىدىن كايىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رەيھاننىڭ سەممىي ياردىمىدىن مىننەتدار ئىدى...

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى. لېكىن گۈلباھارنى پۈتۈنلەي ھارغىنلىق ئەسىر قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن تاماققا ئىشتىيى سوقماي ھالسىز يېتىپ قالدى. چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن رەيھان گۈلباھارنىڭ ئۆيىگە كىردى-دە، ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ:

— بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ، گۈلباھار؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، بىرئاز مىجەزىم يوق...

— دوختۇرنى چاقىرىپ كېلەيمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ قالدى رەيھان.

— ياق، چاقىرماڭ، كېيىن ئۆزۈم بارىمەن.

رەيھان ئىلاجىسىز ئۆز ئۆيىگە چىقتى-دە، رەۋىخان ئاچىغا گۈلباھار ئۈچۈن شۇۋىكۈرۈچ ئېتىپ بېرىشنى تاپىلاپ ئىشقا چىقىپ كەتتى. گۈلباھار بىرئاز ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ئەدىيالنى ئۇستىگە يېپىپ كوزىنى يۇمۇپ ياتتى، لېكىن خېلى ۋاقىتقىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. دەم ئۇياققا، دەم بۇياققا ئاغدۇرۇلدى. كوزىگە گاھ شەھەر باغلىرىدىكى كوكۈللۈك تانسىلار، گاھ مەكتەپتىكى شاۋقۇنلۇق ھايات، قوۋناق دوستلىرى كورۈندى... ئىختىيارسىز ئوتكەنكى مۇشەققەتسىز تۇرمۇشلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

دەرۋەقە، گۈلباھار ئۆزى كىم؟ ئۇنى قانداق شامال بۇ ئاتا-ئانىسى كورمىگەن دالىغا ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

گۈلباھار بۇندىن 3-4 ئاي بۇرۇن قوش ئەينەكلىك ئازادە

سىنىپلارنىڭ سىلىق پارتىلىرىدا ئولتۇرۇپ، ھەر خىل-لىك
سىيلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئاڭلايدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەك
تەپنىڭ يۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، شۇنداقلا چاڭ-
توزاڭسىز، رەتلىك كوچىلاردا، گۈزەل باغچىلاردا ئويناپ-
كۈلۈپ يۈرىدىغان شوخ شەھەر قىزى ئىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش يىلىنىڭ ئاخىرى مەكتەپ ئىچى بىر
جەڭگىۋار ھاۋا بىلەن قاپلاندى؛ مەكتەپتە "يېزا ئىككىلىكنىڭ
ئالدىنقى ، سېپىگە بېرىش" توغرىسىدا ئىدىيىۋى تەلىم-تەربىيە
كۈچەيتىلدى. گۈلباھارمۇ بۇ ھەركەتنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچى-
سى بولۇپ، دولقۇن ئىچىگە سىڭىپ كەتتى ...

مانا، ھەش-پەش دىگۈچە ئاۋغۇست ئايلىرىمۇ يېتىپ كەل-
دى. دولەت ئىمتىھانلىرى ئاياقلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار ھەر بىر
ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بىلىش
ئۈچۈن مەخسۇس سوھبەتلەر ئېلىپ باردى.

كارىدوردا تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان گۈلباھار-
نىمۇ نۆۋەت كېلىپ، سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بولۇمىگە چا-
قىرتىلدى.

— ھە، گۈلباھار، مانا ئەمدى قانات چىقىرىپ مۇستەقىل
ئۇچالايدىغان بولدىڭىز، ئەمدى ئۆزىڭىزنى قەيەردىن تاپماقچى-
سىز؟ — دىدى ئوقۇتقۇچى مېھرىۋان كوزى بىلەن ئۇنى كۆ-
زىتىپ. ئوقۇتقۇچىنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس لىپىلداپ،
كوزلىرىدە ئۆز پەرزەنتىدىن ئۈمۈربويى رازى بولغان ئاتا خو-
شاللىقى جىلۋىلەندى ...

— مۇئەللىم، — دىدى گۈلباھار قايتىشقا ھازىرلىنىپ، —
تەشكىلدىن مېنى ئەڭ يىراق قىشلاقلارغا ئەۋەتىشنى قەتئى
تەلەپ قىلىمەن. پارتىيە خەلق، جۈملىدىن ئانا مەكتىۋىمنىڭ



كۈمىدىنى چوقۇم ئاقلايمەن!

سېنتەبىر ئايلىرىغا كەلگەندە تەقسىمات ئېلان قىلىنىپ،
گۈلباھارمۇ ئارزۇسىغا يەتتى. ئۇ يوللانمىسىنى قولىغا ئېلىپ
بۇ خۇشخەۋەرنى ئانىسىغا ئېيتقاندا، كۈتمىگەن يەردىن كۈل-
سۈم ھەدىنىڭ توت پۈتى ئورە قالدى. ئۇ، بىر تالاي كوز يې-
شى قىلىپ: "مېنى يەرلىكىمگە قويغاندىن كېيىن نەگە بار-
ساڭ بار، كوزۈم ئوچۇق تۇرۇپ بۇنىڭغا رازى ئەمەسمەن.
بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا موزاي بېشى بوش كەلدى دىگەن
شۇمۇ ئەمدى!" دىگەندەك گەپلەر بىلەن گۈلباھارنىڭ يولى-
نى توسماقچى بولدى. كېيىن ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ
نازۇك كۈرەشتىمۇ ئاخىر گۈلباھار غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭغا
ئوقۇتقۇچىسىمۇ ياردەمگە كەلدى. ئۇنىڭ تەلپۈنۈپ تۇرغان
ئوتلۇق ئىشتىياقىنى ئانىنىڭ كوز ياشلىرى توساپ قالال-
مىدى ...

مانا شۇ مۇقەددەس زىمىننىڭ ھەممە يېرىدىن بىپايان يېزا-
كەنتلەرگە قاراپ سوققان ئۇلۇق شامال بىزنىڭ گۈلباھارنىمۇ
ئۆز ئارزۇسى بويىچە چېچەكلىك يېزىسىنىڭ بىر چېتىدىكى
"گۈلشەن" شياۋدۇيىگە ئەكىلىپ قويغان ئىدى ...

"غىچ" قىلىپ ئېچىلغان ئىشىك ئاۋازى گۈلباھارنى خىيال-
دىن توختاتتى. ئۇ قولىدا يوغان بىر جاۋۇرنى كوتەرگەن
رەۋىخان ئاچىنى كوردى-دە، بىرئاز ئورۇلۇپ ئولتۇردى.

— ۋاي قىزىم، ئاناڭنى كايىما! — دىدى رەۋىخان
ئاچا ھورى پۇرقىراپ تۇرغان غىدىرنى تەكچىگە
قويۇۋېتىپ، — شۇ بىر كىچىككىنە داڭقان بىلەن ئاۋارە بولۇپ
يۈرۈپ يېنىڭغا كىرەلمىدىم. يالغۇزلۇقتا تازىمۇ زېرىككەنسەن؟

— رەھمەت ئاپا، ئانچە زېرىكمىدىم ...

— قېنى ئەمسە تۇر، مۇنۇنى قىزنىڭدا ئىچكىن.
— تاماقتا زادىلا ئىشتىيىم تارتماي تۇرىدۇ، ئاپا.
— نىمە دەيسەن، — دىدى رەۋىخان ئاچا رەنجىگەن قىياپەتتە، — راستلا ئاشۇنداق قىلساڭ، رەنجىپ قالىمەن، ياكى يارىتالمايۋاتامسەن؟
— ئۇنداق ئەمەس، بويۇم ئېغىرلىشىپ، كۆڭلۈم زادى بىر-نەرسە تارتماي تۇرىدۇ، — دىدى گۈلباھار مەيۈس تىكىلىپ.
— تۇت، ئىسسىقىدا ئىچىۋال، يەڭگىپ قالىسەن، — دەپ غېدىرنى گۈلباھارغا ئۇزاتتى. گۈلباھار رەۋىخان ئاچىنىڭ قولىنى قايتۇرۇشنى ئەپ كورمىدى-دە، غېدىرنى قولىغا ئالدى. ئەينۇلا بىلەن يۇمغاقسۇتنىڭ كۆپۈلدەپ تۇرغان چۇ-چۇمەل ھىدى ئۇنىڭ ئىشتىيىنى ئېچىپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغدى. گۈلباھار باش كوتىرەمەستىن بىر پەسنىڭ ئىچىدە غېدىرنى قۇرۇقداپ قويدى.
— قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى رەۋىخان ئاچا گۈلباھارنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ.
— ھېچ بىلمەيمەن، تېنىم ھالسىراپ كېتىۋاتىدۇ...
رەۋىخان ئاچا ئۆز تەجرىبىسى بويىچە گۈلباھارنىڭ ماڭلىيىنى، تومۇرىنى تۇتۇپ كوردى. بىرەر كېسەلنىڭ بەلگىسى يوق ئىدى.
— قاتتىق ھېرىپ كېتىپسەن قىزىم، ھېچقىسى يوق. ئاستا-ئاستا پىشىپ قالىسەن. ئىشەك مىنگەن ئادەمنىڭمۇ ئىككى پۇتى تىنىچ تۇرمايدۇ. بۇرۇن رەيھانمۇ شۇنداق ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا قارىغىنا، نەدە ئېغىر ئىشلارنى تاللاپ قىلىدۇ. مەنمۇ ھازىر ئىش قىلىپ تۇرسام ئارام ئالغاندەك بولۇپ قالىمەن. ياش ئادەم دىگەن بىرئاز چارچىسا نىمە بوپتۇ؟



بۇ مېھرىۋان مومايىنىڭ سەممىي سوزلىرى گۈلباھارنى خېلى ئەرلەتتى.
— بىر پەس ئۇخلىۋال قىزىم، يەڭگىپ قالىسەن، — دىدى رەۋىخان ئاچا ئورنىدىن تۇرۇپ. گۈلباھار نىمە قىلىشىنى، نىمە ئويلىشىنى بىلمەي تورۇسقا تىكىلگىنىچە ھەركەتسىز ياتاتتى. شۇ ئەسنادا ئويگە يۈگۈرۈپ كىرگەن رەيھان ھاياجانلىرىنى باسالماي:
— گۈلباھار، سىزگە بىرنەرسە بېرەي، خوشال بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، قېنى بېرىڭ.
— راست خوشال بولىسىز، ھە؟
— ئەگەر خوشال بولىدىغان نەرسە بولسا...
— ئامەت كەلسە قوش كېلىدىكەندە! مانا مەڭ، — رەيھان كوينىكىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان ئىككى پارچە خەتنى گولباھارغا سۇندى. شۇ پەيت رەۋىخان ئاچىنىڭ رەيھاننى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رەيھان يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. گۈلباھار ئالدىراش كونۋېرتنى يىرتتى-دە، خەتكە كوز يۈگۈرتتى. بىرىنچى خەت گۈلباھارنىڭ ئانىسىدىن بولۇپ، بىر تالاي دۇئايى سالاملاردىن كېيىن مۇنداق بىر جۈملە تەلەپنى يازغان ئىدى:
"... قىزىم، ئەگەر ئانا لازىم بولىدىغان بولسا، مەزكۇر خەت قولۇڭغا تەككەن ھامان ھېچنەرسىگە قارىماي قايتىپ كەل. ھازىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ساڭا ئوخشاش بالىلار قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ. سەنمۇ تېزدىن قايتىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاش. بىر-ئىككى تونۇشلارمۇ چىقىپ قالدى. ساڭا ياردەم قىلماقچى..."
ئىككىنچى خەت گۈلباھارنىڭ شەھەرلىك سەنئەت ئومىكىدە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى يېقىنىلىقى

ئىشلەيدىغان ئازادەم دەيدىغان بىر دوستىدىن ئىدى. گۈلباھار زور ئىلھام بىلەن توت بەتكە قىستاپ يېزىلغان "دوستلۇق" سالىمىنى ئوقۇپ چىقتى ـ دە، خەتلەرنى سىقىملىغىنىچە كارۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ھەرقانداق ئادەمدە ئۆزىگە چۇشلۇق بىر قابىلىيەت بولىدۇ. بىزنىڭ گۈلباھاردىمۇ تېخى ۋايىغا يەتمىگەن، لېكىن خېلى دەرىجىدە شەكىللىنىپ قالغان ئۇسۇلچىلىق قابىلىيىتى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىسىغا ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، پات ـ پات شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنگىلى كىرەتتى. بۇ جەرياندا سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئازادەم دىگەن بىر ناخشىچى قىز بىلەن تونۇشۇپ دوستلاشتى. شۇندىن كېيىن سەنئەت ئۆمىكىگە بولغان قاتنىشىشى خېلى قويۇقلاشتى. بىرىنىڭ ۋاسىتىسىدە بىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆمەكتىكى سەنئەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغلاردا ئۆمەكتىكىلەر گۈلباھارنىڭ خېلى دەرىجىدە قابىلىيىتى بارلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋالماقچىمۇ بولۇشتى. لېكىن مەكتەپ شارائىتى ۋە گۈلباھارنىڭ ئۆز قىزغىنلىقى ئانچە كۈچلۈك بولمىغانلىقىدىن بۇ مەسىلە شۇ پېتىچە قالغان ئىدى. مانا ئەمدى گۈلباھارنىڭ بىر چاغلاردا سەھنىدە كۆرسەتكەن ماھارەتلىرى ئازادەمنىڭ چۈشىگە كىرىپ سېغىندۇرغانمۇ، ئەيتاۋۇر، ئېسىدىن چىققان تەلەپنى قايتىدىن تەكىتلەپتۇ. ھەتتا ئۆمەكتە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئورۇننىڭ بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپتۇ. گۈلباھار پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالدى.

ئۇنىڭ خەتلەرنى سىقىملاپ تۇرغان قولى خۇددى ياش لوتىدەك تىترەيتتى... ئۇچۇغىنى ئېيتقاندا، بۇ كۈتۈلمىگەن



تەكلىپلەر گۈلباھارنى قىزىقتۇرمايمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇ چاغلاردىكى ھەۋەس قايتا قانات قېقىپ، سەنئەتچىلەرنىڭ شوخ ھاياتى خۇمار قىلدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈرەش مەيدانىدىن ئۇچۇپ بېرىپ مىڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئۇسۇل سەھنىسىدىن ياكى ئاق خالات كىيگەن ھالدا شاراقلاپ تۇرغان ئۈرچۇقلۇق فابرىكىدىن ئۆزىنى تاپماقچىمۇ بولدى، لېكىن...

مانا شۇ "لېكىن" ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. "لېكىن" بىلەن تۇغۇلغان ئۇيات ـ نومۇس كۈچى ئۇنى سەممىي كۆزلەر ئالدىدا قاتتىق خىجىل قىلاتتى.

گۈلباھار ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغۇسى كەلمەي سىرتقا چىقتى. ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلىقلارنى ئايلىنىپ خىيال بىلەن ئۆزىنىڭ تۇۋەنكى مەلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ، ئارا ئۇستەڭ ئالدىدىكى پاكار كۈمۈلاچ تاملىق تۇرداخۇن خەلپىتىمنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرغان ھويلىدىكى پاراڭدىن ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.

— ئادەم دىگەن ئۆزىگە ـ ئۆزى كويۇنۇشنى بىلمىسە، ئۇنىڭغا نىمە دىگۈلۈك. ئاللامۇ "يارىتىلىشىڭ مېنىڭدىن، يارالمىشىڭ ئۆزەڭدىن" دىگەن ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى تۇرداخۇن خەلپىتىم، — شۇ گۈلباھار دىگەن قىزىڭلارغا ھەيرانمەن. ئادەم دىگەن مۇنچىمۇ ئەخمەق بولارمۇ؟ ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىپ، تەييار نان، تەييار ئاشنى تاشلاپ بۇ ئەرسات ئىچىگە چىقامدۇ؟ "ياغ ئىچىدە يايرىمىغان بورەك" دىگەن شۇ ـ دە!

— دۇرۇس ئېيتتىلا خەلپىتىم، — دەپ تەستىقلايتتى

خۇنۇك بىر ئاۋاز، — بۇ زاماننىڭ ياشلىرى ماختاپ بەرسە ئۇچۇشنى بىلىدۇ. ئۇچۇشنى بىلىدۇ - يۇ، چۈشۈشنى بىلمەيدۇ. خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن.

— ئۆزىمۇ مۇلايىم، نومۇسچان قىزدەك كۆرۈنىدۇ، — دەپ چىققان بىر ئايالنىڭ ئاۋازىنى تۇرداخۇن خەلپىتىمنىڭ خىرقىراق ئاۋازى بېسىپ كەتتى.

— ھىم... ئۇگلۇق نىمىسى؟ نومۇسلۇق نىمىسى؟ نومۇسلۇق خوتۇن خورازدىنمۇ قاچىدۇ، دەيدۇ، خوتۇن كىشى دىگەننىڭ ئۇشۇغىدىن يۇقۇرىسى ئېچىلىپ قالسا نامەرەم بولىدۇ، ئۇ نەرسەڭلار بىلىكچە ئېچىۋېلىپ، كىمنى كۆرسە ھىجىيىپ يۈرسە، تېخى گۈلباھارىڭلار مۇشۇ يەردىلا بولىدىغان بولسا، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ، كۆرمىگەننى كۆرىمىز، ئاھ خۇدا، بەندەڭگە ئىنساپ بەر!

— ھوي، بولدى ئەمدى، — نىيازخاننىڭ پەس ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئىشلىرىنى قىلىسىلا، مېھمانلار كۈتۈپ قالدى. قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

— دەرۋەقە، ئۆيگە كىرەيلى. دېمىسە دىگەننى بىردەمدە تەييار قىلىمىز. كىشىلەرنىڭ غېمىنى يېيىشمۇ خۇدانىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— خوش، شۇنداق ...

غىچىرلاپ يېپىلغان ئىشىك ئاۋازى بىلەن تەڭ پاراڭمۇ بېسىلدى. گۈلباھار قاياققا مېڭىشنى بىلمەي، بىر دەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسى پىكىردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم، مادارى قاچقان، پۇتلىرى قومىلاڭ، يولىدا ئېغىر قەدەم تاشلايتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنى ياكى گوشكە، ياكى بەزگە ئايرىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ،



ئۆزىنىڭ مەكتەپتىكى چاغلىرىدا ئويلىغان شىرىن خىياللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، "قېنى، مېنىڭ شۇ بۈيۈك ئارزۇلىرىم، خىيال باشقا، ھايات باشقا ئىكەندە!" — دەپ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى...

★

كۈن پېتىپ، ئاي چىقىپ، ھەش - پەش دىگۈچە ئۇن ئەچچە كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. "كومسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ" دىگەندەك قىلىپ، گۈلباھار بىر كەسكىن قارارغا كېلەلمىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىشىدىكى پوزىتسىيىسىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپتى. يېرىم كۈن ئىشلىسە، بىر كۈن يوق. ئەھۋال سورىغانلارغا "تاۋۇم يوق" دەپ جاۋاپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنى قانچە چىدام-تاقەتكە چاقىرسىمۇ، لېكىن كۆڭلى زادى ئىزچىل قارار تاپمىدى...

مانا بۈگۈنمۇ ئۇ ئىشتىن قايتىپ يالغۇز ئېتىز ئىقلارنى ئارىلاپ بېشى قايغان، ئۇشۇغى تايغان تەرەپلەرگە مېڭىشقا باشلىدى. گويا كەڭ دالا ئۇنىڭ پەرىشان كۆڭلىگە ئارام بېغىشلىغاندەك يالغۇزلۇقنى خالايتتى. يەنە ئۇ نىمە قىلىش كېرەك؟ دىگەن سوراقنىڭ تەسىرىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. "توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى...، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئازادەمگىمۇ جاۋاپ يازمىدىم. بەلكى بۇ چاققىچە ئۈمىدىنى ئۈزگەندۇر... مەن ئۆزەمنى نىمىشقا بۇنچە قىينايمەن؟! ئانام مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمگە ئەزەلدىنلا قارشى ئىدىغۇ؟... بولدى ئەمدى، ئۆز جايىمدا خاتىرجەم ئىشلەۋەرسەم ياخشىراق ئوخشايدۇ. لېكىن..."



www.uyghurkitap.com

مانا شۇ «لېكىن» ئۇنىڭ قەلبىنى مىجىپتتى. تۇردى خەل-
پىتىمىنىڭ ھاقارەتلىرى خۇددى قۇلاق تۈۋىگە ئېسىلغان كول-
دۇرمىدەك، ھەر بىر سىلكىنگىنىدە جاراڭلاپ ئۇنىڭ خورلۇغى-
نى كەلتۈرەتتى...
— گۈلباھار...
گۈلباھارغا تونۇش يېقىملىق ئاۋاز ئۇنى يولدىن توختاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىغا قارىۋىدى، كوشلۇك لەۋلىرىدىن ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان روزىكامنى كوردى.
— قانداق قىزىم، — دېدى گۈلباھارغا يانداشىپ، — بىرئاز خاپا كورۇنىسەنغۇ؟
— ھېچ، ئوزەمچە شۇنداق، — دېدى گۈلباھار ئوزىنى كۈلكىگە زورلاپ.
— قانداق؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى روزىكام.
— ...
روزىكام يېقىندىن بېرى گۈلباھارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خېلى تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. ئۇ بەزى نەرسىلەرنى رەيھاندىن ئاڭلىدى، ئوزىمۇ كوزەتتى. ھەتتا، ئۇ، بولۇك-پۇشقاقلاردا قېيىپ يۈرگەن گۈلباھارنىڭ تەقدىرىگە «ئېچىنغۇچى»، «مېھرىۋانلار» نىڭ سوزلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. ياشلارنىڭ بىر قاتار غايىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان بۇ تەجرىبىلىك كوممۇنىست، گۈلباھاردىكى بەزىبىر روھىي چۈشكۈنلۈكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنتىپاق ياچېيكا شۇجىسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئوز خاھىشى بىلەن ئالاھىدە ئۇنى ئىزلەپ كەلگەن ئىدى.
مانا نەق ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. چۈشكەندىمۇ خېمىرغا ياكى نانغا ئايلىنالماي قوقاس ئىچىدە پۇچۇلۇنۇپ ياتقان



كومەچ ئۈستىدىن چۈشتى: روزىكام كۈچىلاپ گەپ سوراپ، گۈلباھارنى ئارتۇقچە بىئارام قىلىشنى ئەپ كورمىدى ـ دە، ئوزىنىڭ يىراق ئوتمۈشىدىن سوز باشلىدى:
— گۈلباھار، سەن مېنى تونۇيسەن، لېكىن بىلمەيسەن قىزىم. مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلدۇم، مۇشۇ يېزىدا ئوستۇم. سەندەك چاغلىرىمدىكى تۇرمۇشۇمنى ئەسلەپ، بۇگۈنكە قارىسام، كوزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش تامىدۇ. سەن بولساڭ بەختىيار زاماندا ئوستۇڭ. ئوتمۈشنى بىلمەيسەن، قىزىم. مېنىڭ ساڭا ئوخشاش باشلارغا قاراپ مەسلىكىم كېلىدۇ. ئوزەمنىڭ ياشلىقىمنى ئەسلەيمەن. مەن ئۇ چاغدا شال كېپىكى زوققۇمىدىن، تېرىق نېنىدىن قۇتۇلىدىغان ۋاقتىم كەلسە، بەختلىك بولارمەن دەپ ئويلايتتىم. لېكىن بۈگۈنكىدەك بەختىيار زامانلار ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىدى...
روزىكام جىم بولدى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كوزلىرىدە غەرپكە يانپاشلىغان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جىلۋىلەندى. گۈلباھار روزىكامغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ ئىللىق چىرايىغا قاراپ تەلمۈردى.
روزىكام بىر ـ ئىككى يوتىلىۋېلىپ، ۋەزمىنلىك بىلەن سوزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ھەي قىزىم! سىلەر تېخى كوپ نادان! بېشىڭلاردىن ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك، ئىسسىق ـ سوغاقلىرى ئوتكىنى يوق. بەخت ـ سائادەتنىڭ ئۈستىگە تورەلگەنسىلەر! قېنى، بىزمۇ ئەمدى سىلەردەك بولساق نىمە ئارمان؟ — روزىكام سوزدىن توختاپ، گۈلباھارنىڭ تەئەججۈپ قاپلىغان قىياپىتىگە قارىدى...، — ھەيران بولما قىزىم، بىزمۇ بۇ دۇنياغا مۇشۇ تۇرقىمىزچە تورەلگەن بەندە ئەمەس. بېشىمىزدىن ياشلىقنى ئوت-

www.uyghurkitap.com

كۆزگەن، مانا ئەمدى قېنى شۇ كۈچ - قۇۋۋەت؟! ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئوتۇپ كەتكەن دىسەم لاپ بولار، سۇمۇ ئېقىپ بېرىپ يەر كۆكەرتىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ بەللەر بىكار مۈكچەيگەن دەمسەن! بىر چىشلەم نان ئۈچۈن كىشىلەر ئىشىكىدە پاتمان-پاتمان يۈك ئاستىدا يەنچىلگەن بەللەر! قېنى ئەمدى شۇ ياشلىق، شۇ كۈچ - قۇۋۋەت بولسا، مۇشۇنداق ئۆز زامانىمىزدا نېمىسىنى ئايايسەن؟! ئۆز تەرىڭنىڭ، ئۆز ئەجرىڭنىڭ مېغىزىنى چاقساڭ، ئۇنىڭدىن لەززەتلىك نېمىمۇ بار؟...

گۈلباھارنىڭ پىكرى مەركەزلىشىپ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى، روزىكام قانداقتۇر بىر ئېچىنىش ئاھاڭى بىلەن:

— ياق - ياق قىزىم. سېنى بەزلەۋاتقىنىم يوق. ئۆز ئۆتمۈشۈمنى، ئەمدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى سۆزلەۋاتىمەن، — دەپ سۆزدىن توختىدى.

دەل شۇ پەيتتە گۈلباھارمۇ روزىكامنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان يۈرەك سۆزلىرىگە بېرىلىپ، ئىختىيارسىز ئۆتمۈشنىڭ جاھالەتلىك كارتىنىسىغا يېپىسىز باغلىنىپ قالغان ئىدى.

ھەقىقەتەنمۇ سىز ئۇنى ئاسماندىنلا پۈت سۇنۇپ چۈشكەن دەمسىز؟ گەرچە ئۇ، ئۆتمۈشنىڭ ئېغىر زەخمەتلىرىگە بىۋاستە داخىل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن مىڭلىغان شەھەر كەمبەغەللىرىگە ئوخشاش ئاتا - ئانىسىنىڭ ھايۋاندىن بەتەر تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى ئۇنىڭمۇ كىچىككىنە يۈرىكىگە ئۆچمەس تامغىسىنى باسقان ئىدى...

گۈلباھار ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ روزىكامنىڭ مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئەكس ئېتىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ ئاستا شىۋىرلىدى:



— سۆزلىگىن روزىكا، ئاڭلاشقا قىزىقىمەن.

— ئۇلارنى سوراپ نېمە قىلىسەن، قىزىم؟ ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلەشمەيمىزمۇ؟ — روزىكام گۈلباھارنىڭ چىرايىدىكى رازىلىق ئالامىتىنى كۆرگەندىن كېيىن داۋام قىلدى، — قوي قىزىم ئۇلارنى! بىز غەلىبە قىلدۇق، شۇ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدىن بۈگۈنكى زامانىنى ياراتتۇق. ئەمدى نېمىشقا تېخىمۇ چوڭ كۆرەش قىلىپ كەلگۈسىنى ياراتمايمىز؟

— ئەلۋەتتە يارىتىمىز، — دېدى گۈلباھار ئىشەنچ بىلەن.

روزىكام ئۇنىڭ قەلبىگە ئېسىلغان ئېغىر تاشنى ئېھتىيات بىلەن چوقۇشقا باشلىدى.

— دۇرۇس ئېيتتىڭ، قىزىم، ئەلۋەتتە، يارىتىمىز. لېكىن بۇ بەخت، ھالاۋەت بىزنىڭ ئۆيدا يېتىپ تاتلىق خىيال قىلىشىمىز بىلەنلا قولغا كېلەمدۇ؟ ياق قىزىم، ياق. چىشى چىققان بالىغا چايناپ بەرگەن نان لەززەتسىز بولىدۇ - دە، بىزمۇ ئۇنى ئۆز قولىمىز، ئۆز تەرىمىز بىلەن يارىتىپ، لەززىتىنمۇ ئۆزىمىز تېتىشىمىز كېرەك. تەر توكۇش ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ جاپاسى بار. ئەنە شۇنىڭدىن قورقمىغان كىشىلا مەقسىدىگە يېتىدۇ، قىزىم.

روزىكامنىڭ قەدىمى ئاستىلىدى، ئۇ ساقىلىنى بىر سىپاپ قويۇپ، گۈلباھارغا قارىدى:

— مۇنداق سەپسالسام، قىزىم، مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈڭ ئاھايىتى پەرىشان كۆرۈنىدۇ. ھېرىپ - تېلىپ يۈرىدىغان ئوخشايسەن. لېكىن، باشتا قاتتىق ئىش، ئايىغىدا تاتلىق ئىش دېگەندەك، سەنمۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىسەن. ئېغىزغا بەش قولنى تەڭلا سالغىلى بولمايدۇ. مانا يېزىمىزدىكى ئۆزەڭگە ئوخشاش قىز - جۇۋانلارغا قارىغىنا، ئۇلار ئېتىزنىڭ بېشىغا

تۇغۇلۇپ كوزى ئېچىلىش بىلەنلا قولىغا ئوغاق، كەتمەن ئال-
مىنى يوق. ئاستا - ئاستا پىشتى. ئېيتقاندەك، بەزىبىر كىشى-
لەرنىڭ ئېزىتقۇ سوزلىرىنى كوڭلۇڭگە ئېلىۋەرمە! تارغا - تار
دۇنيا، كەڭگە - كەڭ دۇنيا، قىزىم! بەزىلەر سېنى "ئەخمەق"
دەيدىكەن، ناھايىتى ئوبدان، شۇنداق "ئەخمەق قىز"، "ئەخ-
مەق يىگىتلەر" قانچە كوپ بولسا، بىزگە
شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ.

روزىكام سوزىدىن توختىدى. گۇلباھارنىڭ قاشلىرى يىمىرى-
لىپ، ھەركەتسىز كىرپىكلىرى بىر نۇقتىغا قادالدى...

— دۇرۇس، مەندە ئىرادە، ساداقەت دىگەن نەرسە يوقمۇ؟ —
دەپ ئوز - ئوزىگە سوئال قويدى گۇلباھار.

گۇلباھار ئەيىپكار كىشىدەك روزىكامغا قارىدى:

— مەن ... مەن راھەتنى ئويلىدىم ... ئۇنىڭ ئاۋازى تىتى-
رەپ كەتتى:

— مانا، مانا گەپ شۇ يەردە قىزىم، — دىدى روزىكام، —
شۇنى ئېيتقىنا، بىزنىڭ قىينچىلىغىمىز ئاخىرەتلىكمۇ؟ ياق-
ياق، ئۇ بىر يولۇچىدەك نەرسە: مانا ھازىر قوش چىشلىق سو-
قىلارغا ئىگە بولۇپ قالدۇق. ئاز كۇندە تىراكتۇرلىرىمىزمۇ
بولىدۇ. سەنمۇ بۇلارنى مەندىن ياخشى بىلىسەن قىزىم، تاي
مىنگەن ئادەم ئات مىنىدۇ. بۇرۇنقى ئېغىرچىلىقلار بۇگۇنكى
كۇندە يەڭگىللەشتى. يەنىمۇ يەڭگىللىتىش ئۇچۇن جاپا چې-
كىۋاتىمىز.

گۇلباھارنىڭ كوزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە
قېپىپ قالغان لاتقىلىق سۇلارنى خۇددى بىر ئۇلۇغ دەريا
سۇيى ئېقىتىپ كەتكەندەك كوڭلى يورۇپ "شىپپىدە" يەڭگىپ
قالدى.



# III

دىخانلارنىڭ: "ھوت، كەتمەن سېپىنى تۇت" دەيدىغان
كۇنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. پۇتۇن تەبىەت باھارنىڭ دەسلەپكى
شاۋقۇنلۇق نەغمە ساداسىدىن ئويغىنىپ ئوزى بىلگەن ئۇسۇل-
لىرىغا ئويناشتى. قىشبويى قېرى جىگدىلەرنىڭ كاۋاكلىرىدا
دۇگدىيىپ ياتقان ھوپۇپلەرمۇ تاجىلىرىنى كەڭ يېيىپ: شاخ-
تىن - شاخقا سەكرەپ باھار ئىشقىدا قەھ - قەھ ئۇراتتى. قې-
لىن قارنىڭ ئاستىدا ياتقان چەكسىز دالىلار باھارنىڭ ئىل-
لىق ھارارىتىدىن سۇ ئىچىپ، ئوپكىدەك ئېسىلغان نەم توپ-
راقلار كوپۇلدەپ تۇرغان خۇشپۇراقلىرى بىلەن ئوز سويگۇسىنى
كەڭ قۇچىغىغا چاقىراتتى ... باھارنىڭ بۇ ئاجايىپ خىسلىتى
گۇلشەنگىمۇ جانلىق، قايناق بىر ھايات ئېلىپ كەلدى. دەس-
لەپكى ئىش ئوغۇت توپلاش بىلەن باشلاندى. بەش كۇنلۇك
زەربىدار ھەركەتتىن كېيىن گۇرۇپپىلار ئارا خۇلاسە چىقىرىش
ۋاقتىدا گۇلباھارنىڭ گۇرۇپپىسى "بىر مىڭ بەش يۇز
جىڭچى گۇرۇپپا" دىگەن نامغا ئېرىشىپ، قىزىلبايراققا ئىگە
بولدى. شەخسلەر ئارىسىدا گۇلباھار بىلەن رەيھان تەقدىر-
لەندى...

"كالىنىڭ دۇمبىسىگە تېگىپ يەرگە چۈشكەن ئۇرۇق يەتتە
كۇن كېيىن ئۇنىدۇ" دىگەن دىخانلارنىڭ نەقلىسى بويىچە
ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا جىددى تۇتۇش قىلىنىپ، يەرلەر چوڭ-
قۇر ئاغدۇرۇلدى ۋە ئوغۇتلىنىپمۇ بولدى. ئەمدى بارلىق
ئىش يامغۇر كۇتۇپ تۇراتتى. لېكىن قېرىشقاندەك كۇن بار-
غانچە ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ. تەجرىبىلىك دىخانلار ئالقىنىنى

چېكىسىگە قىلىپ زەڭگەر ئاسمانىڭ قارىغىنىچە بېشىنى سىلىكىشەتتى.

— بۇ يىل بىزگە گەپ بارغۇ دەيمەن! — دەپ چاكىلداپ ئېتتى بىر - بىرىگە قارىشىپ، — قالىغاچلارنىڭ بۇلۇت سۈيۈشى، يەرنىڭ قاغىجىرىشى دېگەن سۆز!... ئۆتكەن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت! باھار كۆڭلىرى بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ مانا شۇ نېمە «قىلىشنى» ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇگۈن كەچ شىياۋدۇي ئىشخانىسىدا ئابىت شۇجىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «جىددىي تەدبىر كورۇش» مەجلىسى كېتىۋاتاتتى. ئاددىيغىنا جاھازلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان پاكىز ئىشخانا خۇددى سۇ سەپكەندەك جىم - جىت. 40 - لامپىنىڭ غۇۋا نۇرىدا ئابىت شۇجى بىلەن مەھمۇتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئون نەچچە گەۋدىنىڭ جىددىي قىياپىتىگە سىرتتىن كورگەن كىشى ھەيران قالىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى مۇنداق ئېغىر سۈكۈتتە بولغان بىلەن ھەر بىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا خىلمۇ - خىل پىكىرلەر دولقۇن كوتەرمەكتە ئىدى.

مەھمۇت قولىدىكى قەلەمنى شىرە ئۈستىگە قويدى - دە، تاماكىسىنى قاتتىق بىر شوراپ سوز باشلىدى:

— يولداشلار! قېنى پىكىر بېرەيلى. پۈتۈن ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ تەقدىرى بىزگىلا قاراپ تۇرۇپتۇ. كوڭلىمىزدە قانداق پىكىر بولسا، دادىل ئوتتۇرىغا قويايلى. پىكىرلىشىمىز، تالاش - تارتىش قىلىمىز، بىز كوپچىلىققۇ؟ — مەھمۇت سوزىنى تۈگىتىپ ئابىت شۇجىغا قارىدى.

— شۇنداق، يولداشلار، — دېدى ئابىت شۇجى قوشۇمچە قىلىپ، — كېڭەشكەن پىكىر قويما پىكىر بولىدۇ.



ئابىت شۇجىنىڭ سوزىدىن كېيىن ئېغىر بىر جىملىق ھۆكۈم سۈرۈپ، خېلىدىن بېرى كوزىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي ئولتۇرغان روزىكام سەگەك نەزىرى بىلەن يىغىن ئەھلىگە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن جىم - جىتلىقنى بۇزۇپ:

— بار كۈچىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆيلىرىمىزدىكى قاپاق، چوگۈن، ئەپكەش - چېلەكلەر بىلەن سۇ توشۇپ ئۇرۇقلارنى كومسەكمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— بۇ تازا، يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازىلى، دېگەن گەپ بولدى، — دەپ غوڭشىدى ئوتتۇرىدىن بىرسى.

— قېنى، سىنىڭچە قانداق قىلايلى، قادىر؟ — دېدى مەھمۇت ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ. ئىگىز بويلۇق بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى:

— مېنىڭچە بولغاندا، «ياپسام پىشارمۇ، كومسەم پىشارمۇ؟» دەپ ئولتۇرغاندىن كورە يۇقۇرىدىن سۇ كېلىشىنى كۈتكىنىمىز ياخشىراق. ئۇنىدىن باشقا ئامال يوق.

— ئامال بار، — دەپ ئورنىدىن تۇردى گۈلباھار، — مېنىڭچە روزىكامنىڭ پىكرى خېلى ئورۇنلۇق. ئويلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. قادىرنىڭ پىكرىگە قوشۇلغىلى بولمايدۇ. يوق نەرسىگە سەجدە قىلغاندىن كورە يىگىنە بىلەن بولسىمۇ قۇدۇق قازغان پايدىلىقراق. سۇ باشتىن كەلسۇن دەپ كۈتۈپ ئولتۇرساق ئاگىنچە كوچەت قۇرۇيدۇ، خالاس!

ئابىت شۇجىنىڭ خىيال بىلەن يۇمۇلغان كوزلىرى يوغان ئېچىلىپ، لەۋلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— قېنى يولداشلار پىكىرلىشەيلى! — دېدى ئۇ كوپچىلىككە ئىلھام بېرىپ، — ئۈچ ئادەمنىڭ نىيەت پىكرى بىر بولسا، سېرىق توپراقمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ.

ياشانغان بىر دېخان ئورنىدىن تۇرۇپ بىر-ئىككى يۆتىلىۋالدى-دە، سۆزلىدى:

— ئويلاپ قارىسام روزاخۇننىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق تۇرىدۇ، مەن يۇقۇرى ئورۇنلارغا دەرت-ئەھۋال ئېيتساق بولارمىكىن، دەپ تۇرۇۋىدىم. لېكىن، بۇمۇ بىر بالىلىق ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، روزاخۇننىڭ پىكرىنى قىمپاقساق. تۆۋەنكى مەلىدىكى قۇدۇق سۈيى شۇ ئەتراپتىكى دوك ئېتىزلارنى قاندۇرالايدۇ. ئىسمى باداڭنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى مارجان بۇلاقتىن ئۇششاق ئېرىقلارنى قازىمىزدە، نۇرغۇن يەرنىڭ ئۇرۇغىنى كۆمۈۋالالايمىز. تېخى كۆللىرىمىزنىڭ سۈيىمۇ نۇرغۇن يەرگە يېتىدۇ.

— دۇرۇس، دۇرۇس ... بۇ خېلى ئورۇنلۇق گەپ بولدى، — دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

— قانداق؟ — دەپ مەجلىس ئەھلىگە سوئال نەزىرىدە قارىدى ئابىت شوجى ۋە ماقۇللاش ئالامىتىنى كۆرگەندىن كېيىن داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، ھەقىقەتەن دۇرۇس چارە-تەدبىر دېگەن مانا شۇ، ئۇ ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۆز ئىچىمىزدىن چىقىدۇ...

مەجلىس ئاياقلاشتى. ھەر كىم ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

★

بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ ئامما سەپەرۋەر قىلىندى. مارجان بۇلاقنىڭ مەرۋايىتتەك سۈلىرىمۇ كىچىك-كىچىك ئېرىقلار ئارقىلىق ئېقىپ كېلىپ، چاڭقىغان ئېتىزلارنىڭ يۈزىنى يۇدى. تۆۋەنكى مەلىدىكى قۇدۇقلارنىڭ چىغىرىقلىرى قاۋۇل يىگىتلەر-



نىڭ كۈچلۈك قوللىرىدا تىنىمسىز غىچىرلايتتى...

رەيھان بىلەن گۈلباھار بەس-بەسكە چۈشۈپ قالدى. ھەر ئىككىسىنىڭ يەلكىسىدە ئوخشاشلا ئەپكەش، كۆل بويى بىلەن ئېتىزلىق ئارىسىدىكى خېلى مۇساپە ئۇلار ئۈچۈن قىلچە سېزىلمەيتتى. سۇنى تارتىدۇ، يەلكىگە ئالىدۇ، بىر-بىرىنى قوغلاپ يورغىلايدۇ...

— بايقاپ، سىڭىللىرىم، بايقاپ، — دېدى بىر قاپاق بىلەن بىر چېلەكنى كۆتۈرۈۋالغان ئابىت شوجى ئىككى دوستقا زوقلىنىپ قاراپ، — تېيىلىپ كۆلگە چۈشۈپ كەتمەڭلار يەنە.

— چۈشۈپ كەتكىلى قوچاقمىدۇق بىز ئابىتكا، — دېدى گۈلباھار ئەپكەشنى ئەپچىللىك بىلەن يەلكىسىگە سېلىپ رەيھانغا قاراپ، — قېنى كەتتۇق...

بۈگۈنكى ئىشنىڭ ھەممىدىن قىزىقى شۇ بولدىكى، يېزىدىكى بارلىق ئۇششاق باللار بىر-بىرىنى دوراپ، بىرىدىن-بىرى قىزغىنىپ ئانىلىرىنىڭ يوشۇرۇپ قويغان يېڭى چوگۈن، يېڭى چېلەكلىرىنى يوشۇرۇنچە ئېلىپ چىقىپ، چوڭلارغا تېخىمۇ ئىلھام بەرگۈدەك قىزغىن ئىشلەپ كەتتى! ھەتتا بەزىلىرى ئۆكسىنى ئوينىتىدىغان ھارۋىسىنى چۇگۇپ، سۇ توشۇيدىغان غالتەك قىلىۋاپتۇ. سۇنى ئېتىزغا توكۇپ، قايتار چېغىدا ماشىنىلارنى دورىغانچە يولنى چاڭ كەلتۈرۈپ چاپقىنى-چاپقان. بەزىلەر بىكار بولغان داس، چېلەكلەرنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ داپ قىلىپ چالىدۇ. دۇمباق قىلىپ ئۇرىدۇ... ئىش مەيدانىغا خۇددى بىر توپ ئەرتىسلەر كېلىپ قالغاندەك نەغمە-ناۋا قايناپ تۇردى...

ئابىت شوجى بىرتال تاماكا چېكىۋېلىش ئۈچۈن قىرنىڭ بېشىدا توختىدى. ئۇنىڭ يېنىغا مەھمۇتمۇ كەلدى.

— ياپىرەي، بىزدىمۇ شۇنداق كۈچ - قۇۋۋەت بار ئىكەن-ھە؟ — ئۆزىچە زوقلاندى مەھمۇت.

— بارلىقىغا تېخى ئىشەنمەيتتىڭىز مۇ؟ — دېدى ئابىت شۇجى گۈللۈك تاماكا خالتىسىنى يېشىۋېتىپ.

— ئىشىنەتتىم، لېكىن مۇنداق داغدۇغىلىق بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئابىت شۇجى تاماكىسىنى خۇمار بىلەن تارتتى-دە، قولى-قولى، پۇتى-پۇتىغا تەگمەي ئىشلەۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ ناھايىتى ھەۋەسلەندى.

— بايقامسىلەر، ئۇكىلار؟ — تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز شۇجى بىلەن مەھمۇتنى تەڭلا ئارقىغا قاراتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا زوقلىنىپ قاراپ روزىكام تۇراتتى.

— نېمىنى، روزىكا؟ — قىزىقىپ سورىدى مەھمۇت.

— بىزنىڭ يېزىدا بىر جۈپ گۈل ئۈنۈپ چىقتى. ئەنە، قاراڭلار! — روزىكام ئەپكەشنى يەلكىسىگە سېلىپ بەس-بەس بىلەن كېتىپ بارغان گۈلباھار بىلەن رەيھاننى ئىشارە قىلدى.

راستىنمۇ ئۇلار خۇددى بىر بەرگىدىكى ئىككى قىزىل غۇنچىدەك پەرقسىز ئىدى. رەيھانمۇ خۇددى گۈلباھارغا ئوخشاش كىيىنىۋاپتۇ. بۇرۇنقى تاپىنىدا سورۇلۇپ يۈرىدىغان گۈللۈك ئىشتانلىرى بوخچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بەللىرىنى سىقىپ تۇرغان كالتە يەڭ كۆينەكلىرى، چەمبىرەك قىلىپ تۇگۈۋالغان قوندۇز چاچلىرى تولغان بەستىگە خويمۇ يارىشىپتۇ...

— ئالتۇندەك قىزلاردە! — دېدى روزىكام زوقمەنلىكى تېخىمۇ ئارتىپ.



دەل شۇ پەيتتە كىچىككىنە قاپاقنى كۆتىرىپ يولنىڭ چېتى بىلەن، سۈرە ئوقۇپ كېتىپ بارغان تۇردى خەلپىتىمنىڭ ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ گۈلباھار بىلەن رەيھاننى ھەر بىر كۆرگەندە ياقىسىنى چىشلەپ ئەلەم بىلەن شىۋىرلايتتى: «مانا، ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ، دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ھەي، بەتنومۇس، ھاياسىزلار...»

تۇردى خەلپىتىم سۆزىنى خۇددى بىركىم ئاڭلاپ قالىدىغاندەك ئالاقزادە بولۇپ ئەتراپقا قارىدى-دە، ئېھتىيات بىلەن كول تەرەپكە ماڭدى.

كەچكى شەپەق ئېتىزلاردىكى جىمىرلاپ تۇرغان سۇ ئۈستىدە نازلىق جىلۋە بىلەن ئويناشقا باشلىغاندا، ئەزالار ئىشتىن قايتتى. بۇ زەربىدارلىق جەڭ ئەتىسى، ئۆگۈنمۇ شۇ خىلدا داۋاملاشتى. ئىشنىڭ تازا جىددى پەيتىدە خوشنا دادۈيدىن بىر ئېرىق سۇ ياردەمگە كېلىپ گۈل ئۈستىگە گۈل چەكتى! ئوبدان ئون كۈن ئۆتتى دېگەندە «گۈلشەن» نىڭ 400 مو يېرىگە قوناق ئۇرۇغى كۆمۈلۈپ بولدى...

## IV

كۆمۈلگەن ئۇرۇقلار تولۇق ئۈنۈپ ياپ-يېشىل مايسا بولدى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ تازا چاڭقىغان ۋاقتى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئىسسىق شامال ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدىن سۈيۈپ تەشنالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. يەرلەر بولسا، سۈيى قۇرۇپ كەتكەن ئۈستەڭنىڭ سېغىز لايلىرىدەك تالا-تالا يېرىلىشقا باشلىدى...

گۇلباھار بىلەن رەيھان كەچلىك ئىشتىن يېنىپ باغدىكى ئېرىقنىڭ مۇزدەك سۈيىدە يۇيۇنۇش ئۈچۈن باققا كىردى. باغمۇ راسا ھوسۇنگە تولغىلى تۇرۇپتۇ. دەسلەپكى مايسەن ئۈرۈكلەر قىيام بولۇپ، توغاچ شاپتۇللار بىلەن چىلگە توغاچلار گادازا بوپتۇ...

— كەل ئاداش، ئىچىم قىزىپ تۇرىدۇ، ئۈرۈكتىن بىر يەيلى، — دىدى گۇلباھار.

— مەنمۇ شۇ، قېنى ئۈستىگە قايسىمىز چىقىمىز؟

— سەن.

— ياق، سەن چىق، مەن تېرەي.

بۇلار ئۈرۈككە تازا تويۇپ باغنى بىر ئايلاندى - دە، ئېرىق لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ "تاغاقمۇ، سۈزگۈچمۇ؟ ئۈنچىمۇ، مارجانمۇ؟" دىگەنگە ئوخشاش ئويۇنلارنى ئويناپ ئولتۇرۇپ:

— مۇشۇ سۇ كوپرەك بولغان بولسا، قانچە ياخشى بولار ئىدى - ھە، رەيھان، — دەپ ھەسرەتلەندى گۇلباھار.

— نىمىسىنى دەيسەن ئاداش. بۇ سۇلار باغدىن ئاشمايدۇ. كاشكى دائىم كېلىپ تۇرسىچۇ؟! رەيھان شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا بىر پەس تىكىلىپ تۇردى - دە، كېيىن داۋام قىلدى، — ھەي ئاداش... تېخى ھازىرغۇ ھىچكەپ ئەمەس، يېرىمىز تېرىقسىز قالمىدى، ئاشلىقلىرىمىز قۇرۇپ كەتمىدى. يەنە يىلدىن - يىلغا مول ھوسۇل ئېلىپ كېلىۋاتىمىز. ئۇنى مۇشتىكى ئىشلارنى مەنغۇ ياخشى بىلمەيمەن، لېكىن، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرلەردە قەھەتچىلىك دەردىدىن تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزى كويۇپ كېتىدىكەن. ھىلىقى شورلۇقنى سەنمۇ كورگەنسەن. مانا شۇ يەرنى كىشىلەر: "داش — يول



ماگالماي قايدى باش" دەپ بىكار ئېيتىشمىغان.

— بۇنداق تۇرۇپ نىمىشقا سۇ ئامبىرى ياسىمىغان؟ — سوردى گۇلباھار تەئەججۇپ بىلەن.

— ياسىمىغان دەمسەن؟ سۇ ئامبىرىمىز قاھلاشماي قالدى. يازلىق يىغىمدىن كېيىن چوڭ قىلىپ بىرنى ياسايدىغان ئوخشايمىز.

بۇلار باغدىن چىقىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا ھاۋا گۇلدۇرلەشكە باشلىدى.

— قارا - قارا گۇلباھار، — دىدى رەيھان قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ، — بۇلۇتلار بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ...

— قېنى، ئەمدى بىر قۇيۇۋەتسە.

ھەقىقەتەنمۇ ئاسماننىڭ چىرايى بۇزۇلۇپ توپ - توپ قارا بۇلۇتلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتاتتى. رەيھان بىلەن گۇلباھار باغدىن چىقىقىچە چاقماقمۇ چېقىپ سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

— يامغۇر، يامغۇر! سۇ... سۇ، — دەپ ۋاقىراشتى ئۇلار ھاياجان بىلەن.

بۇلۇتلار بارغانچە كوپىيىپ، يامغۇرمۇ ئەدەشكە باشلىدى. گۇلباھار دەرىزە ئالدىغا كېلىپ ئەينەكلەرگە شىددەت بىلەن ئۇرۇۋاتقان تامچىلارغا قاراپ خوشاللىنىپ كەتتى.

"بۇ يامغۇر بىلەن مايسىلارنىڭمۇ باغرى قانىدۇ. بۇ يىل قوناقلاردىن جەزمەن مول ھوسۇل ئالىدىغان بولدۇق!"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

★

گۇلباھار يەر ئاستىدىن چىققاندەك غۇۋا بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى. كوزنى ئېچىپ قولاق سېلىشۇيدى، بىرسى دەرىزىنى چېكىشۋېتىپتۇ. ئۇ ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىندى. چاچلىرىنى بىر قۇر تۇزەشتۈرۈپ ئىشىكنى ئاچتى. بۇ مەھمۇت ئىكەن.

— گۇلباھار، چاپسان ئېتىزلىققا چىقىڭ! يەرلىرىمىزنى سۇ بېسىپ كەتتى... — دېدى مەھمۇت ۋە شۇ ھامان يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

«ئەجىبا بۇ شۇنچە قورغاقچىلىق بولۇپ تۇرسىمۇ، يەنە سۇ بېسىپ كەتكىنى نىمىسى؟ — دەپ ھەيران بولدى گۇلباھار. ئۇ چالا - بۇلا يۇيۇنۇپلا ئېتىزلىققا چىقتى. ئاھ!... دەل ئوكيانىنىڭ ئوزىغۇ! 400 مو يەردىكى مايسىلارنىڭ بېشى كورۇنمەيدۇ... ئۇيەر - بۇيەردە تۇرغان بىرنەچچە كىشىلەرنىڭ قاپاقلىرى ئېسىلىپ، باشلىرى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ.

— كېچىچە يامغۇر ياغماي، بالا - قازا يېغىپتۇ - دە! — دېدى گۇلباھارنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرسى. تۇردى خەلپىتىممۇ ياقىسىنى چىشلەپ ئاللىنىملەرنى شىۋىرلايتتى. ئۇ يەر ئاستىدىن گۇلباھارغا ئالىيىپمۇ ئالدى.

بىر كېچىنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئاپەت گۇلباھارنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىۋەتتى. «ھەي... دىخانچىلىقنىڭ قىلغۇچىلىكىمۇ يوق ئىش ئىكەن، بۇ سۇلارنى چىقىرىشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، مۇبادا چىقارغاندىمۇ مايسىلار نىمە بولىدۇ!...»



گۇلباھار بېشىنى كوتىرىپ سۇس چىمىرلاپ تۇرغان تولۇق سۇلارغا قارىدى - دە، بىردىنلا كوزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى. ئۇ، ئارتۇق تۇرۇشقا چىداشلىق بېرەلمەي خۇددى ھوشسىز كىشىلەردەك ئېغىر قەدەم بىلەن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى...

★

«ئامىنىڭمۇ قولىغى بار» دېگەندەك بۇ ئاپەت خەۋىرى ئوزىگە ياراشمىغان يوغان بىر تونىنى كىيىپ گۇلباھارنىڭ ئانىسىغىمۇ ئاڭلاندى. ئاڭلاندى - يۇ، تېخى قىزىنىڭ دەردىدە كويۈپ - پىشىپ يۇرگەن گۇلسۇم ھەدىنى ھەر تەرەپتىن ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇ، گۇلباھارغا بىرەر ئوبدان لايىق تېپىپ شۇ ئارقىلىق قىزىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە قارار قىلدى. ھە دېگەندە «ئالدى داسقان كورگەن، كەينى توز كورگەن» يىگىتلەردىن بىرقانچىسى چىقىپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن «ئوزىمۇ ئىسىل، تېگىمۇ ئىسىل» بىر دوختۇر يىگىت گۇلسۇم ھەدىنىڭ كوڭلىگە خوپلا يېقىپ قالدى. ئەمدى ھەممە ئىش گۇلباھارنىڭ قايتىپ كېلىشىنىلا كۈتەتتى. گۇلسۇم ھەدە قىزىنى قانداق قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ پىلانىنى تۇزدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ قولايلىقى، ئوزى بۇرۇن تونۇشۇۋالغان «گۇلشەن»گە خوشنا دۇيدىكى ھارۋىكەش سەمەت ئاخۇندىن «دۇئايى سالام» ئېيتىپ بېرىش ئىدى. شۇ نىيەت بىلەن خوشنىسىنىڭ قىزىنى يېنىغا چاقىرىپ بىر پارچە خەت يازدۇردى ۋە ئوتكەن ھەپتە ئالاھىدە كىرىپ مېھمان بولۇپ چىقىپ كەتكەن سەمەت ئاخۇننىڭ «كېلەر ئازنا دىخانچىلىق سايمانلىرىنى ئالغىلى يەنە كىرىمەن، گۇلباھارغا ئامانەتلەر بولسا تەييارلاپ قويسىلا» دېگەن سوزى بويىچە تاڭ

ئېتىشنى تـوت كوز بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

★

پىشىن مەزگىلى ئىدى. گۈلباھار ناھايىتى ئېزىلەڭگۈ بىر كەيپىياتتا چىگىش خىياللارنى سۈرۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بارلىق دىققىتى ئاپەت ئۈستىدە بولۇپ، غەيرەت-ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي ئىشەنچسىزلىك قورشىۋالغان ئىدى: "يېرىم يىل تولغان تەرىمىز بىر يامغۇر بىلەنلا يۇيۇلۇپ كەتتى، — دەپ ئاستا شىۋىرلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — بۇ يىل جەزمەن ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا بولۇپ قالىدىغان بولدۇق!..."

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ بىر گەۋدە كۆرۈندى.

— گۈلباھار، بارمۇ سەن، سىڭلىم؟

گۈلباھار چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ياتقان ئورنىنى بىر قۇر تۈزەپ بۇ خالىس مېھمانغا نەزەر سالدى.

— ھە، سەمەت ئاكاممۇ سەن؟ يۇقۇرى ئوت! — دېدى گۈلباھار ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

— ياخشى تۇرامسەن، سىڭلىم؟ — دەپ ھال سورىدى ئۇ ۋە كارۋاتنىڭ بىر چېتىگە ئامانەتكىلا ئولتۇردى.

— شۈكۈر...

— تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرگەن ئىدىم، ئاناڭغا يولۇقتۇم...

— قانداق، سالامەت تۇرۇپتىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى گۈلباھار.

— قەدىرى ئەھۋال، ھازىرمۇ سەندىن باشقا غېمى يوق، كېپىكىنى كوپ قىلىدۇ...



— مەندىن نىمە ئەندىشە قىلىدىغاندۇ؟ — دېدى گۈلباھار، — بۇ يەر مېنىڭ ئوز ئويۇمدەك بولۇپ قالدى. ئادەملىرى بىلەنمۇ چىقىشىپ كەتتىم.

— راست ئېيتىسەن. لېكىن... ئاناڭنىڭ بىر ئاز ئارزۇ-ھەۋەس كورگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ. ساڭا ئامانىتىمۇ بار. ئاۋال مۇنۇ خەتنى بىر ئوقۇغىن.

سەمەتكام بەلۋىغىغا تۈگۈۋالغان بىر پارچە خەتنى يېشىپ بەردى.

گۈلباھار 4 بەتكە قىستاپ يېزىلغان خەتنى بىر ئوقۇش بىلەنلا ئانىسىنىڭ مەقسىدىدىن تولۇق ۋاقىپ بولدى.

— شۇنداق، — دېدى سەمەتكام خەتنىڭ چالا قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ، — ئاناڭنىڭ ئۈمىدى كاتتا توي ئۇچۇن شاپاشلاپ يۈرۈپتۇ. "ئەمدى ۋاقتىمۇ يەتتى، كولەڭگىسىنى ئىككى قىلىش پەرز. مەن ئۇنى تۇغۇپ ئوستۇردۇم، مىسكىنىر جاپادا ئوقۇتۇپ ئادەم قاتارىغا قوشتۇم، ئەقلىنى تېپىپلا ئانىسىنى قاخشاتسا روناق تاپمايدۇ. مەن ئۇنى ئوقۇپ كاتتا ئاراق ئىش تۇتۇپ مېنى باقارمىكىن دەپ ئازلاپ چوڭ قىلغان ئىدىم. ئۇ بولسا، ئەتەيلا لاي بىلەن توپىغا ئارىلىشىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىسىدا ئاپەت بوپتۇ، مېنى نىمە بىلەن باقىدۇ؟ ھازىر شەھەرلەردە خىزمەتلەر كەڭرى، تۇرمۇش قۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ بىرەر يەرگە ئورۇنلىشىپ كەتكىلى بولىدۇ. تېزرەك قايتىپ كىرسۇن. ئەگەر بۇ قېتىم سوزۇمنى ئاڭلىمايدىغان بولسا، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا مېنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق..." دىگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ قولىغىمنى پۈتتۈرۈۋەتتى...

گۈلسۇم ھەدىنىڭ بۇ ئامانەت سوزلىرى گۈلباھارنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانچىلدى. ئۇ، تۈگۈلگىنىچە كارۋاتقا دۈم

www.uyghurkitap.com

يېتىپ ئۆكسۈشكە باشلىدى. گۈلباھارنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن سەمەتكام نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى-دە، ئالدىراپ-سالدىراپ ئۇنى ئاقلاشقا باشلىدى.

— سىڭلىم، مەندىن رەنجىمە! بىر قولۇم جەننەتتە، بىر قولۇم دوزاقتا، خالىس ئادەممەن. ئامانەتنى يەتكۈزدۈم، يىغلىما! — سەمەتكام ئورنىدىن تۇردى ۋە گۈلباھارنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىگە قاراپ ئاستا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ ئۈستى-ئۈستىگە كەلگەن روھىي بېسىم گۈلباھارنىڭ قەلبىنى تىلغاپ تاشلىدى. بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن لايىق تېپىپ قويغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ خاپا قىلغان ئىدى. «ھازىر ۋاقتىمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مۇبادا ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، مەن ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزۈم ھەل قىلالمايدىغان، ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم تاپالمايدىغان قىزمۇ؟ ياق، مېنىڭ بەختىم ئۆز قولۇمدا، ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزۈم يارىتىمەن!»

شۇ پەيت ئۆيگە رەيھان كىردى. ئۇ، دوستىنىڭ بۇ تاسادىپىي مىسكىن ھالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى!

— گۈلباھار، ساڭا نېمە بولدى، جېنىم؟ ياكى بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئۇ گۈلباھارنىڭ چاچ-ماڭلايلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

گۈلباھاردىن سادا چىقمىدى. دوستىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەن رەيھانمۇ كوچىلاپ سوراشنى ئەپ كۆرمىدى-دە، ئۆز مەقسىدىنى ئېيتتى:

— سېنى باشقۇرۇش رايونىدىن مەجلىسكە چاقىرىپتۇ. بارمىساڭ بولمايدىغاندەك، ئابىتكام قاتتىق تاپىلىدى.

گۈلباھار بىر پەس ئاۋالقىدەك جىم ياتتى-دە، كېيىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى ۋە ياققا كىرىپ، يۈز-كۆزلىرىنى



يۇيۇپ، باشقۇرۇش رايونىغا قاراپ يول ئالدى. گۈلباھار كەلگەندە مەجلىس تېخى باشلانمىغان ئىكەن. ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئىشىك ئالدىدا ئابىت شۇجى قارشى ئالدى.

مەجلىسمۇ باشلاندى. گۈلباھار قانچە كۈچىسىمۇ روھىنى زادىلا كۆتىرەلمىدى، مەجلىستە باشتىن-ئاخىر خۇددى بىر پەخرىي ئەزادەك ئولتۇردى. ھەتتا ئۇ «گۈلشەن» دە يۈز بەرگەن ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ھەققىدىكى بۇ مۇھىم مەجلىسنىڭ نېمىلەرنى ھەل قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئابىت شۇجى مەجلىستىن كېيىن گۈلباھارنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، سىرتقا بىللە چىقتى. يولبويى ئاستا-ئاستا گۈلباھارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىشقا باشلىدى. ئۇلار بىر ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ماڭغاندىن كېيىن ئاخىرى يول ئايرىشقا كەلدى-دە، ئابىت شۇجى گۈلباھارنى توختىتىپ ھاياجانلىق تاۋۇش بىلەن:

— گۈلباھار، سىز ئېيتىپ بېرىڭا، ياشلارنىڭ غايىسى نېمە بولۇش كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولىمىز؟! — دەپ سورىدى. لېكىن گۈلباھار يەردىن بېشىنى كۆتىرەلمەي ئۈن-تاۋۇشسىز تۇرۇۋەرگەندىن كېيىن:

— ماقۇل سىڭلىم، ئەمدى مەن قايتاي، ياخشى دەم ئېلىڭ! — دېدى-دە، خوشلىشىپ ئارقىغا ياندى.

شۇجىنىڭ سۆزلىرى، سوئاللىرى گۈلباھارنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئەش بولغان كۆڭلىنى ئاستا-ئاستا يورۇتۇشقا باشلىدى.

★

گۈلباھار ئۆيگە كىرىپ ئەمدىگىنە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ تۇراتتى، ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرگەن رەيھان ئۇنىڭ بوينىدىن

قۇچاقلىدى ۋە ئۆزىچە ھاياجانلىنىپ:
— ۋاي ... ۋاي ... مانا ئەمدى بىزگىمۇ ئۈلگە بولغۇچى چىقتى!
گۈلباھار بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي رەيھانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى، رەيھان ھاياجانلىرىنى باسالماي يەنە سۆزلەپ كەتتى:
— شاۋفىڭنىڭمۇ پۈتۈن ئائىلىسى تيەنجىندە ئىكەن. بىزدە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى يىل ئاپەت بولسىمۇ قايتماپتۇ. ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ يېڭى شىنجاڭ، يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن شۇغۇللىنىۋېرىپتۇ. بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. ئۆمۈرۋايەت ئۆز يېزىمىزدا ئىشلەيمىز!
گۈلباھارنىڭ ھەيرانلىقى كۈچەيدى. "ئەجەبا! ئۇ نېمىشقا شۇنچە ھاياجانلىنىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — شاۋفىڭ دېگەن كىم؟" گۈلباھارنىڭ سوئالى سىرتقا چىققىچە، رەيھان يانچۇقىدىن بىر گېزىتنى چىقىرىپ، كارۋات ئۈستىگە يايدى. پاھ! ... قىزىل رەڭ بىلەن بېزەلگەن "ئويتاغدا ئېچىلغان تيەنجىن گۈلى" سەرلەۋھىلىك ماقالىلار گېزىتنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى بەتلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. كۈچلۈك بىلەككىلىك، سېمىز يۈزلۈك، كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ مەغرۇر تۇرغان شاۋفىڭنىڭ رەسىمى گۈلباھارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى جەلپ قىلىۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋەسلىنى ھاياجان ئىگەللىدى. گۈلباھار گېزىتنى قولىغا ئالدى - دە، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى، رەيھان "ھە" دەپ سۆزلەيتتى ...
ماقالىنىڭ 2 - ئابزاسىدىكى: "قۇرغاقچىلىق بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرگەندىمۇ يېزا ئىگىلىك بىرىنچى سېپىدىن چېكىنمەي، تاشلىقتىمۇ بۇغداي ئۈندۈرىمەن!" دېگەن شاۋفىڭنىڭ جەڭگىۋار روھى گۈلباھارنىڭ قەلبىنى كۆلدۈرۈۋەتتى.



— يىگىتمۇ بۇنچە بولمايدۇ - ھە؟ ئاناڭدىن ئايلىناي، جېنىم! — دەۋەتتى رەيھانمۇ.
شاۋفىڭنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرى گۈلباھارنى قاتتىق خىجىل قىلىشقا باشلىغان ئىدى.
رەيھان گېزىتنى قولىغا ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، باشقىلارغىمۇ كۆرسىتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى ...

★

گۈلباھار زادىلا بىر جايدا تۇرالماي قالدى، گاھ سۇ باسقان ئېتىز قىرلىرىنى ئايلىناتتى، گاھ ئۆيگە كىرىپ ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىزلىنىش پۈتمىغا ئارام بەرمەيتتى. "مايسىلارنى قۇتقۇزۇش كېرەك! — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مانا بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، مايسىلار تېخى سۇ ئاستىدا، ناھايىتى كۆپ ئەزالارنىڭ روھى چۈشكەن، ھوسۇلدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك كۆرۈنىدۇ ... ئەڭ ئالدى بىلەن ئانا شۇلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنى قايىل قىلىش كېرەك!" گۈلباھار دەرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ خىيال بىلەن يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىگە ئاپەت زەربىدىن نازۇك بەللىرىنى قويۇۋەپ بەرگەن نىمجان مايسىلار خۇددى سۇ ئىچىدىكى لېشايىنىكلار-دەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى ...
"قۇتقۇزۇش كېرەك! — دەپ جىددىي تۇس ئالدى گۈلباھار، — باشقۇرۇش رايونىدىكىلەر قانداق قارارلارنى قىلغانىكىن؟ ئەتتەگەي ... كېچىكى مەجلىسنى نېمىشقا ئاڭلىمىدىم، نېمىشقا پىكىر قاتناشتۇرمىدىم - ھە؟ ياكى ئۇلار قايتا تېرىشنى قارار-لاشتۇردىمىكىن؟ ياقەي، مايسىلار تېخى پۈتۈنلەي نابۇت بول-

سىغان، پەقەتلا جانسىز...»

گۈلباھار ئۆيدە تۇرالماي ھويلىغا چىقتى. ئاشقىرىدىن يۈگۈرۈپ كىرگەن رەيھان ئۇنىڭغا يېڭى بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— ئەتە ھۇجۇمغا ئۆتىدىكەنمىز. گۈگشىدىن ئىككى سەييۇجى بېرىپتۇ. نىمە دىگەن ياخشى - ھە؟

— ياخشى، — دىدى گۈلباھار چىرايىنى بۇزماستىن، — رەيھان، يالغۇز سەييۇجىغىلا قاراپ تۇرۇش يارىمايدۇ. بىزمۇ سۇ چىقىرىشنىڭ بىرەر قولاي ئامالىنى تېپىشىمىز كېرەك.

بۇلار ئېتىز بېشىغا كېلىپ، چىمىرلاپ تۇرغان سۇلارغا قاراپ جىم تۇرۇشتى.

— قارا، رەيھان، ئاۋۇ كۈن پېتىش تەرەپتىكى دوك ئېتىزلارنىڭ سۈيىنى ئارا ئۆستەڭگە ئېقىتىپ تاشلىساق قانداق بولار؟ — دىدى گۈلباھار رەيھانغا بۇرۇلۇپ.

— راست، بولىدۇ، سەييۇجى بىر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتسە، بىز ئۇ تەرەپتىن.

— ھە، قىزلىرىم، سۇ بىلەن پاراڭلىشىۋاتامسىلەر نىمە؟ — بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي كەلگەن روزىكام پاراڭغا ئارىلاشتى.

— روزىكا...، — دىدى گۈلباھار، — دوك ئېتىزنىڭ سۇلىرىنى كىچىك - كىچىك ئېرىقچە ياساپ ئارا ئۆستەڭگە ئېقىتساقمىكىن دەيمىز، سىزنىڭچە قانداق؟

— يامان سوز ئەمەس، — دىدى روزىكام بىر رەيھانغا، بىر گۈلباھارغا قاراپ، — شۇنى بىر ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قوناقلارنى ئۆستۈرۈپ پىشۇرغاندىن كېيىن نىمە قىلىمىز؟

رەيھان پەرۋاسىزلا جاۋاپ بەردى:

— نىمە قىلىمىز؟ يەيمىز. مېغىزدەك نان ياقىمىز، دولە-



تنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنى توشقۇزىمىز.

— خوش، ئەگەر شۇ نېنىڭغا بىرئاز ياغ قوشۇپ پىشۇرساڭ قانداق بولىدۇ؟

— تازا ئوتتۇشلۇك، لەززەتلىك بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ياغنى مۇشۇ ئېتىزلارنىڭ ئۆزىگىلا قويۇۋەتسە قانداق بولار؟

رەيھان گۈلباھارغا مەنىلىك بىر قارىۋالدى - دە، كېيىن:

— نىمە، ئاجايىپ سوزلەيسەنغۇ؟ ئېتىزغا ياغ تۆكۈپ قوناقتىن پولو ياسايتتۇقمۇ؟

— ھەي نادان قىز، دىمەكچى بولغىنىم، سۇلارنى مۇشۇنداق ئېقىتىۋەتسەك، ئۇنىڭ بىلەن نىمىلەرنىڭ بىللە ئېقىپ كېتىشىنى بىلەمسەن؟ يەرنىڭ يېغى چىقىپ كېتىدۇ، يېغى!

— ئۇنداق بولسا چىقارماي قويىمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە چىقىرىمىز. لېكىن سۇنى چىقىرىش بىلەن مايسىلارنى قۇتقۇزدۇق دىگىلى بولمايدۇ، قىزىم. شۇ مايسىلارنىڭ يەنە ئوسۇپ ياخشى دان بېرىشى ئۈچۈن يەرنىڭ يېغى كېرەك. قىشبويى يىققان - تەرگەن ئالتۇندەك ئوغۇتلىرىمىز بىلەن مۇشۇ يەرلەرنى ئوغۇتلىدۇق ئەمەسمۇ؟

— ئۆزەڭ بىر ئېيتقىنا، روزىكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — گۈلباھار بارلىق دىققىتى بىلەن روزىكامنىڭ سوزىگە تەلمۈردى. سوئالغا روزىكامدىن بۇرۇن رەيھان جاۋاپ بەردى:

— قانداق قىلاتتۇق؟ سۇنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلايمىز.

ھالۋا - ھالۋا، دىگەن بىلەن ئېغىز تاتلىق بولمايدۇ، قىزىم. قېنى شۇ خىمىيۋى ئوغۇت. بىرلا ناھىيىلىك ماگىزىنىدا بار دەيدۇ. كۈگشىدا بولسىغۇ بىر گەپ ئىدى، ئۆتۈنگە ئالاتتۇق.

ھازىر ئۇنى سېتىۋالغىلى دۇكىنىمىزنىڭ تەييار پۇلىمۇ يوق. ماللا بۇمۇ بىر قىيىنچىلىق! — روزىكام بېشىنى سىلكىپ جىم بولۇپ قالدى.

گۈلباھار چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ كەتتى. مانا، قىيىنچىلىق ئۈستىگە قىيىنچىلىق! بۇنى قانداق يېڭىش كېرەك؟!

شۇ زامان گۈلباھارنىڭ ئېسىگە بىرنەرسە كەلدى-دە، بىردىنلا يەڭگىل «ئۇھ» تارتتى...

★

گۈلباھار ناھايىتى سەھەر ئويغىنىپ كەتتى. دەرىزىدىن تاڭ قاراڭغۇلۇقىنىڭ كۆكۈم شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئادەتتىكىدىنمۇ ئەپلىك، ئىخچام كىيىنىپ چامادانىنى ئاچتى.

گۈلباھار ئۆزى ئىجەپ يىققان ۋە يېزىغا ماڭىدىغان چاغدا ئانىسى يوللۇق تۇتقان بىرئاز ئاقچىسىنى ئۆزىنىڭ ئېھتىيات غەزنىسىگە سېلىپ قويغان ئىدى. ئۇ ئاخشام روزىكامنىڭ خىمىيۋى ئوغۇت توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن "دۇكىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى تۇرغان يەردە، مەن بۇ پۇللارنى ئازادە كىيىنىش ئۈچۈن ئىشلەتسەم ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ئاۋال قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش كېرەك. ئەنە شۇندىلا ھەممىمىز تەڭ خوشال ئوينايمىز" دېگەن ئويغا كەلدى ۋە ئەتە جىددى سەپەرگە چىقىش نىيىتىدە، بالدۇرلا يېتىپ قالغان ئىدى.

گۈلباھار چامادانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئەپلەپ قويغان ئاقچىنى ئېلىپ ھەميانىغا سالدى-دە، كەچقۇرۇن ئۆزى تېپىپ قويغان



بىر تاغارنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ئەتراپ جىمجىت. يىراق-يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتىگەنكى ساپ ھاۋا كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. يورۇشۇپ كېلىۋاتقان شەرقتىن سالقىن شامال سوقماقتا ئىدى...

گۈلباھار كىچىكتەك يەڭگىل قەدەم بىلەن كۆزدىن غايىپ بولدى. بۇ، تاڭ چولپىنى سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدا 15 چاقىرىم مۇساپىنى بىردەمدە بېسىپ قويدى. گۈلباھار ماڭلايلىرىغا تەر مۇنچاقلىرىدىن مەرۋايىت تىزىپ ناھىيە مەركىزىگە كەلگەندە، بازار ئىچى جانلىنىپ، سودا-سېتىق ئىشلىرى كەۋجىگە چىققان ئىدى؛ گۈلباھار ئالدىراپ ماگىزىننىڭ خىمىيۋى ئوغۇت بۆلۈمىگە كىردى. ۋاھالەنكى، ئىش گۈلباھار ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. مەيلى مىڭ جىڭ ئېلىنىڭ. مەيلى بىر جىڭ ئېلىنىڭ، گۇڭشېنىڭ تامغىسى بېسىلغان تونۇشتۇرۇش قەغىزى كېرەك ئىكەن. بۇنداق تونۇشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى گۈلباھارنىڭ ئېسىگىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ. ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تاغار-تاغارلاپ ئېلىۋاتقان خىمىيۋى ئوغۇتلىرىغا قاراپ ئىچى كۆيدى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى، تەجرىبىسىزلىكىگە كايىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرۇق قول قايتىشقا زادى كۆڭلى قىيمىدى: شۇنچە چوڭ ئۈمىدىنىڭ يوققا چىقىشى ئۇنى قىينايتتى...

ئادەم بەزىدە تاسادىپىي بىر بەختكە ئېرىشسە، ئۆزىگە-ئۆزى ئىشەنمەيمۇ قالىدۇ. گۈلباھار كۈتمىگەن يەردىن مانا شۇنداق بىر ھېسسىياتقا چۆمدى: ئۇ بىر تونۇش ئاۋازدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، بىرنەچچە تاغارنى قولتۇقىغا قىسىپ ئۆزىـ

www.uyghurkitap.com

كه قاراپ تۇرغان روزىكامنى كوردى.

— بەللى، بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسەن، قىزىم؟ — دېدى روزىكام ھەيران بولۇپ، لېكىن گۈلباھارنىڭ قولىدىكى تاغارنى كۆرۈپ بىر نەرسىنى سەزدىمۇ ئەتىمالىم، — ھە، ھە... ماگىزىنغا يېقىندىن بىر نەرسە چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدىم، سىنىڭمۇ چۇشۇڭگە كىرىپتىكەن-دە؟ — دېدى مۇلايىمغىنا كۈلۈپ.

— ھە، يېقىندىن بىر خىل ماي چىقىپتىكەن، ئۇنىڭدىن قوناقتىن پولو ياسىغىلى بولارمىش، — دېدى گۈلباھارمۇ بىر خىجىللىنىشنى، بىر خوشاللىقىنى يوشۇرالماستىن ۋە ئاخىر ھەزىللىشىپ تۇرۇشنى ئەپ كورمىدى-دە، ئۇزىنىڭ نىمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، كۈتمىگەن يەردىن روزىكام كايىپ كەتتى:

— ھەي نادان قىزەي... شۇنچىمۇ ئالدىراڭغۇ بولارسەنمۇ؟ سېنىڭ بۇ يەرگە قۇرۇق قول كېلىشىڭگە كىم ئوغۇتنى خورلاپ تۇرۇپتۇ؟!

روزىكام ئۇنىڭسىزمۇ گۈلباھارنىڭ بوغۇلۇپ تۇرغانلىقىنى پەملىدى-دە:

— قېنى، جۇر ئەمدى، قولىمىزدا تاغدەك ئاساسىمىز بار، — دەپ ئوغۇت بولۇمىگە باشلاپ ماڭدى. بىر پەسنىڭ ئىچىدە روزىكام ئېلىپ كەلگەن توت تاغار ۋە گۈلباھارنىڭ قولىدىكى بىر تاغارغا ئوغۇت قاچىلىنىپ، ھارۋىغا بېسىلدى. گۈلباھار ھارۋىغا چىققاندىن كېيىن:

— ئىش باشلاندىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نىمىسىنى دەيسەن، تاڭ سۈزۈلمەستىن بۇرۇن پۈتۈن يېزا قايناپ كەتتى. دادۇي، باشقۇرۇش رايونلىرىدىن رەھبەرلەر كېلىپ، ئەزالارنىڭ روھىنى شۇنداق كوتىرىۋەتتىكى،



ھېچنەرسە تەڭ كەلمەيدۇ. بىز كېيىن قالمايلى يەنە، قېنى، ئەمسە كەتتۇق.

ھارۋا يەڭگىل قوزغالدى. گۈلباھار ئەپلىك ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، روزىكام بەلۋېغىنى يەشتى-دە:

— قوساقلىرىڭمۇ تارتىشىپ كەتكەندۇ قىزىم؟ مانا بۇ موماينىڭ يوللۇغىغا ئېغىز تېگىپ باققىن، — دەپ ئىككى پۈكلەنگەن بىر قاتلىمىنى گۈلباھارغا سۇندى. گۈلباھار قايماق بىلەن يۇغۇرۇلغان مەزىلىك ناننى زور ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى...

★

سۇ ئاستىدىن قۇتقۇزۇلغان مايسىلارنى خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش داۋام قىلماقتا. ئوپكىدەك ئېسىلگەن تۇپراقنىڭ نەملىكى كوتىرىلىپ كەتكىچە ئوغۇتلىۋېلىش ئۇچۇن ھەر كىم ئوز ئىشىغا جىددى بېرىلمەكتە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر توپ ياشلار ئىچىدە قىزغىن تالاش-تارتىشمۇ باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئوتكەن قېتىم گېزىتكە پائالىيەتلىرى بېسىلغان شاۋفىڭ ھەققىدە ئىدى.

بەزىلەر شاۋفىڭنىڭ «ئاقتوقاي سازلىقىنى گۈرۈچ ماكانىغا ئايلاندۇرىمەن!» دېگەن غايىسى ھەققىدە:

— مەن شاۋفىڭنىڭ ئىلغارلىقىغا قايىل، لېكىن ئۇنىڭ غايىسى بەك كىچىك ئىكەن. سازلىقنى ئوزگەرتىش قانداق غايە بولالىسۇن! سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش غايە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، — دېگەن كوز قاراشلاردا بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ياشلار ئارىسىدا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى.

— توختاڭلار، ئاغىنىلەر! زادى غايە دېگەن نىمە؟ — دەپ سوئال قويدى قادىر.

— مېنىڭچە، شاۋفىڭنىڭ ئېيتقانلىرى دەل غايىنىڭ ئۆزى! — دېدى رەيھان دەسلەپكىلەرنىڭ كۆزقارىشىنى رەت قىلىپ.

— ناھايىتى توغرا، — دەپ رەيھاننى قۇۋۋەتلىدى گۈلباھار، — شاۋفىڭنىڭ تەشەببۇسى، شۇ يەرنىڭ شارائىتى بويىچە غايە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

— شۇمۇ غايىمىش...، — دېدى ئارىدىن بىرسى زاڭلىق ئارىلاش، — بۇنداق پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى غايە دەپ ھىساپلىسا، ئەمدى كوممۇنىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىمە دەيمىز؟!

بۇ قىزغىن تالاش - تارتىشنىڭ ئۈستىگە، ئېتىز ئارىلاپ يۈرگەن ئابىت شۇجى بىلەن روزىكام كېلىپ قالدى.

— ھارماڭلار، ئەزىمەتلەر...

— خۇش بولۇڭ! — دېدى گۈلباھار بېشىنى كۆتىرىپ ۋە ماڭلىيىدا پاقىراپ تۇرغان تەرلەرنى بويىنىدىكى ھالرەڭ گاز ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتتى.

ناھايىتى ياخشى ۋاقىتتا كەلدىڭىز جۇمۇ ئابىتكا، — دېدى قادىر ۋە ھەممىگە بىر قارىۋېلىپ داۋام قىلدى، — بىزنىڭ بىر مۇنازىرىمىز چالا قالدى. سىزنىڭ شۇ ھەقتىكى پىكرىڭىزنى ئاڭلىماقچىمىز.

— خوش؟

قادىر تالاش - تارتىشنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئابىت شۇجى سالماق بىلەن مۇنداق دېدى:

— سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىمنى قۇرۇش بىزنىڭ كەلگۈسى غايىمىز، لېكىن كەلگۈسى غايىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلى



مايدۇ. ھازىرقى كۈندە شۇ مەقسەت ئۈچۈن نىمە قىلىش كېرەك؟ شاۋفىڭلارنىڭ سازلىقنى ئۆزگەرتىپ گۈرۈچ ماكانىغا ئايلاندۇرۇشى بولسا، رىيال غايە! بىزنىڭ يېزىمىزدىمۇ بىر شورلۇق بار...

— ھىلىقى «داش — يول ماڭالماي قايدى باش» مۇ؟ — دەپ كۈلدى رەيھان.

— ھە، شۇ شورلۇق دەشت. سىلەرمۇ ئۇنى ئۆزگەرتسەڭلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرالايسىلەر.

«شاۋفىڭلار 'ئاقتوقاي سازلىقىنى گۈرۈچ ماكانىغا' ئايلاندۇرغان يەردە. بىزمۇ بۇ شورلۇق دەشتنى بۇغداي ماكانىغا ئايلاندۇرالمايمىزمۇ؟ — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى گۈلباھار، — بىزگە نىمە كەملىك قىلىدۇ؟ ياق، ھەممە نەرسە بار. پەقەت ئىرادە، غەيرەت بىرلىككە كەلسىلا، بىز ئۇ يەردە گۈلىستان بىناسىيالايمىز. بۇنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ياشلارنى قوزغاش كېرەك!...»

— بىزنىڭ بالىلار شاۋفىڭغا خېلى قىزىقىپ قاپتۇ - دە! — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى روزىكام، — ھەقىقەتەنمۇ ئۇ قىزلارنىڭ سەرخىلى ئىكەن. ياشلار ئەنە شۇنداق يېنىپ تۇرغان ئوت بولۇش كېرەك.

ئابىت شۇجى بىلەن روزىكامنىڭ سۆزلىرى ياشلارنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇپ، ئىشنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى.

## V

ياز ئايلىرىنىڭ ھوسۇلغا تولغان ئاجايىپ بىر گۈزەل ئاخشىمى چوڭ بىر يارىيا ھارۋا شياۋدۈي ئىشخانىسى

ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— مانا، يېتىپمۇ كەلدۇق، — دېدى ھارۋىكەش قولىدىكى قامچىنى ئورنىغا قويۇپ ۋە ياشانغان بىر ئايالنىڭ ھارۋىدىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى. ئايال يەرگە چۈشۈپ، كۆيۈشكەن پۇت-قوللىرىنى رۇسلىدى-دە:

— ئۇھ ... "يول ئازاۋى — گور ئازاۋى!" — دەپ ئۆزىچە شىۋىرلاپ قويدى. دەل شۇ پەيت ئارقا تەرەپتىن شوخ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئايال ناخشىنى بىر ئاز تىڭشاپ تۇردى، بىردىنلا تېتىكلىنىپ:

— گۈلباھار ... مېنىڭ باھارىم! — دېگىنىچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. ناخشا ئاۋازى يېقىنلىشىپ يول ئۈستىدە رەيھان بىلەن گۈلباھار كۆرۈندى. ئۇلار ئۆز ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ھارۋىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە قەدىمىنى تېزلىتىپ ھارۋا يېنىغا كەلدى، كەلدى-يۇ، گۈلباھار تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش ئۇنىڭ ئەركىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھاياجان چۇلغىۋالغان ئىدى.

— ئانا ... جېنىم ئانا! — دېدى گۈلباھار ئېسىنى يىغىپ ۋە گۈلسۈم ھەدىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

گۈلباھار ئانا باغرىغا ھېلى-بېرى قانىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ خۇددى مەسۇم بوۋاقتەك گۈلسۈم ھەدىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى ...

گۈلسۈم ھەدە قىزىنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى سىلىدى-دە، خوشاللىق ياشلىرىنى يوشۇرالماي ئاستا شىۋىرلىدى:

— نەچچە زامانلار بولدى، بىرەر قېتىم كۆرۈپ كېتەيمۇ دېمىدىڭ، قىزىم. مانا ئەمدى ئاناڭ سېنىڭ بەختىڭنى كۆرگىلى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چىقتى. سېنىڭ بەختىڭ ئاناڭنىڭ بەختى ئەمەسمۇ قوزام.

گۈلباھار بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ئىللىق چىرايىغا تىكىلدى.

★

پۈتۈن يەر يۈزىدىكى يېشىللىق ئاسمان بەستىگە سىڭىپ كەتكەندەك، ھاۋا ئوچۇق. تومۇز ئايلارنىڭ سەھەرگى "غۇر-غۇر" شامىلى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. تيانشاننىڭ ئاقۋاش چوققىسىدىن باش كۆتەرگەن قۇياش خۇددى بىر ئالتۇن تاۋاقتەك لاۋۇلداپ "گۈلشەن" يېزىسىنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە زوقلىنىپ نۇرلىرىنى چاچماقتا ئىدى.

گۈلباھار ئۆيىدىن چىقىپ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق لېۋىدە توختىدى. ئۇششاق دولقۇنلار بىلەن پەۋەس ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يالايتتى. گۈلباھارنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى يېقىملىق، يېتىلگەن ئانار پوستىدەك يۈزلىرى تولغان ئىدى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن نۇر تېمىپ تۇراتتى. لەۋلىرىدە تەبەسسۇم، قولىدا ئوغاق. چەمبىرەك قىلىپ تۈگۈۋالغان چاچلىرى، يەڭلىرى شىمايلانغان ئاددىي چىت كۆينىكىگە خويمۇ ياراشقان ...

— گۈلباھار، گۈلباھار ... — دەپ ئارقىدىن يۈگۈرۈپ چىققان گۈلسۈم ھەدە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. — بۇنى ئېلىۋال قىزىم، ئۇسسىغاندا ئىچەرسەن، — دەپ قولىدىكى چايدانىنى گۈلباھارغا ئۇزاتتى.

گۈلباھار ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئوچۇق يەرگە چىقتى. مانا! ئۇنىڭ ئالدىدا ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ،

غۇلاچ كېرىپ ياتقان پارلاق يول! بۇ، گۈزەل ئىستىقبال، قايناق كۈرەش يولى ئىدى!

"مەن دۇنياغا يېڭى كەلدىم! — دەپ شىۋىرلىدى گۈلباھار، ئۇنىڭ بەختىيار يۈزلىرىگە ئىللىق تەبەسسۇم يامرىدى، — مېنىڭ يېزىدا چىرايلىق بولۇپ گۈللىگەن ئاجايىپ گۈزەل، يېڭى ھاياتىم... شۇ يولدىن باشلاندى."

گۈلباھار بىر چاغلاردىكى سۇ بېسىپ كەتكەن قوناق مايسىلىرىنىڭ پوپۇك چىقارغان كۆچلۈك غولىلىرىنى ئارىلاپ ماڭاتتى. يېشىللىققا چومگەن پايانسىز دالا غۇر - غۇر شامالدا مەيىن لەپىلدەپ، ئۆز خوجايىنىغا تازىم قىلاتتى.

1962 — يىل سېنتەبىر، قەشقەر



# دەشتكە باھار كەلدى

## I

يېقىندىن بېرى گۈلشەننىڭ كوچىلىرىدا، ھەتتا ئېتىز قىرلىرىدىمۇ مۇنداق بىر ناخشا پەيدا بولۇپ قالدى:

بېغىمغا ئۇچۇپ كەلدى،
زەپ چىرايلىق بىر بۇلبۇل.
ئەجەپ كويغا سېپ قويدى،
گۈلشەندىكى باھار گۈل.

بۇ ناخشىنىڭ ئىجاتچىسىمۇ، ئىجراچىسىمۇ قادىر، ئىلھامچىسى گۈلباھار بولۇپ، جورچىسى ئۇنىڭ راۋابى ئىدى.

كېچە - كۈندۈز يېقىملىق ساز بىلەن ياڭراپ تۇرغان بۇ ناخشا قىزلارنىڭ ھەۋىسىنى ئويغاتسا، ياشلارنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق ئىشتىياق قوزغايتتى...

ئارىدىن كوپ ئۆتمەي بەزى ياشلار قادىرنىڭ يۈرەك سىرىنى بىلىۋالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:

"يېزىمىزغا گۈلباھار كېلىش بىلەن قادىرنىڭ كوڭلىگىمۇ باھار پەيدا بولۇپ قالدى، قېنى ئەمدى شۇ گۈلگە بۇلبۇل

مىز قوئالىسا...» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر:

«قادىرنىڭ ‹ئاھ› دەپ ئۆپكە قېقىپ يۈرگىنى بىكار. گۈلباھار كىم؟ قادىر كىم؟! ‹خىلى — خىلىدا ياخشى، پىچاق قىنىدا!› دەپتىكەن. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن بىر شەھەر قىزى، قانداق قىلىپ پۈت - قوللىرى پاتقاق بىر دېھقانغا كۆكۈل بەرسۇن!...» دېيىشەتتى.

بۇ خىلدىكى سۆزلەرنى قادىرمۇ بىرقانچە قېتىم ئاڭلىدى. ھەتتا بەزىلەر «دوستلۇق مەسلىھەت» دەپ، يۈزمۇ - يۈز ئېيتتى. بۇ سۆزلەر قادىرنى كېچىلىرى كىرپىك قاقتۇرماي ئاچچىق - ئاچچىق ئويلارغا گىرىپتار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى تۇنجى قېتىملىق ساپ مۇھەببەت ھارارىتىنى قىلچە پەسەيتۈرەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنى تېخى ئۇزىكىمۇ نامەلۇم بولغان ئاللىقانداق شىرىن ئارزۇ - ئارمانلار ئۈز باغرىدا ئەللەيلەيتتى... بۈگۈنمۇ ئۇ قاش قارايغان پەيتتە ئۆيدىن چىقتى - دە، كونىراپ قالغان تاقىر تۇمىقىنى چوكۇرۇپ كىيىپ، راۋابىنى قوينىغا تىقىپ زەھەردەك سوغاققىمۇ پىسەنت قىلماستىن، ناخشا غىڭشىپ «گۈلشەن» دالىسىنى بويلاپ يول ئالدى. ئۇ، نىمە ئۈچۈندۇر گۈلباھارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ناخشىسىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ئېيتالمىدى. بۇ چاغدا گۈلباھار دەرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. قادىرنىڭ ناخشىسىنى يىراقتىنلا ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان گۈلباھار ئۆزىنىڭ قەلبىگە مەلھەم بەرگۈچى بۇ تونۇش سادانىڭ بىردىنلا پەسلەپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى - دە، ئىنچىكە قىياق تەك قاشلىرىنى سەل ئۈچۈرۈپ «سىرىڭنى بىلىۋالدىم» دېگەندەك باشلىرىنى مەنىلىك قىمىرلىتىپ قويدى. قادىرنىڭ ناخشىسى



يەنە بىردىنلا يۇقۇرى كوتىرىلىپ، ئاستا - ئاستا يىراقلاشتى.

قادىر مەھەللىنىڭ دوخمۇشىدىن بۇرۇلۇپ، چەتتىكى چولا قوراغا كىردى. بۇ ئۆي گۈلباھارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىش پەسلىدىن پايدىلىنىپ، ياشلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىق مەكتەپ ئىدى.

بىر پارچە تاختايدىن سىرلاپ ياسالغان دوسكا بىلەن ئون بەشچە پارتىدىن ئىبارەت كەڭ سىنىپ ئىچىدە پەقەت 7 - 8لا ئوقۇغۇچى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، كىتاب كۆرۈشۈپ ئولتۇراتتى.

— نىمە بولدى؟ سىنىپ ئىچى بوشاپ قاپتىغۇ؟ — دېدى قادىر.

— بۈگۈن دەرس يوق، — دېدى ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغان رەيھان كىتاپتىن بېشىنى كوتىرىپ، — گۈلباھار باشقۇرۇش رايونىغا مەجلىسكە بارىدىكەن.

قادىر قولىدىكى راۋاپنى ئاۋايلاپ شىرە ئۈستىگە قويدى - دە، تۇمىقىنى ئىگىز رەك قىلىپ:

— بۇ ئاللى مەھەللە نىمە مەجلىسكىنا؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

— ھىلىقى... شورلۇق دەشتىنى ئوزگەرتىش ھەققىدە بولسا كېرەك، — دېدى رەيھانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادالەت.

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ — دېدى ئارقا تەرەپتە ئولتۇرغان ئاۋاق يىگىت، — بۇ ئىشقا بىكار ئۇرۇنمىسا بولاتتى، بۇرگىنى دەپ، توگە زىيان تارتىدۇ!

رەيھان كىتاپنى يېپىپ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئارقىغا بۇرۇلدى:

— نىمىشقا؟! ئىمكانىيەتلىرىمىز شۇنچە تولۇق تۇرۇپمۇ



www.uyghurkitap.com

قاچانغىچە ئۇ شورلۇققا چوقۇنىسىز؟!

— توغرا، — دەپ رەيھاننى قۇۋۋەتلىدى ئادالەت، — توقۇزۇنىسىز تەل، بىلەك كۈچىمىز بىلەن ماڭلاي تەرىمىزنى تۆكسەكلا ھەممىسى ھەل!

پاراڭنى تىڭشاپ ئولتۇرغان قادىر بىردىنلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قىزلارغا بۇرۇلدى:

— ھەل، تەل دېگەن بىلەن ئىش تاماملانمايدۇ. شورلۇق دېگەننى قاپاق، چىلەك بىلەن سۇ توشۇپ ئۆزگەرتىدىغان يەر ئەمەس، قېنى شۇ سۇ؟!

سىنىپ ئىچى ئۆز - ئۆزىدىنلا بىر مۇنازىرە مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى.

— مانا - مانا... جايىنى تاپتىڭ يىگىت، — دېدى ھېلىقى ئاۋاق يىگىت خوشال بولۇپ، — شورلۇق ئۈچۈن سۇ كېرەك، لومشۇپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ سۈيى كېرەك.

— «خويمۇ سەنەم سالغۇم بار، تاپىنىم كېلىشمەيدۇ» دېگەندەك، بىزنىڭ گۈلباھارنىڭ بەك سەنەم سالغۇسى كېپ كەتتىغۇ! — دېدى سېمىزغىنا بىر چوكان، — بىراق تاپىنى كېلىشمەيدۇ...

— تاپىنى كېلىشمەيدىغان ئادەم سەنەممۇ سالمايدۇ، — دېدى رەيھان رەنجىگەن ئاھاڭدا.

بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن، مەشق قىلىپ ئولتۇرغان تۇرسۇن دېگەن يىگىت سوزگە ئارىلاشتى:

— سىلەر سۇ - سۇ مەسىلىسى دەپ ئاتام زامانىدىن قالغان گەپنى قىلىۋاتىسىلەر. گۈلشەننىڭ چېكىسىگە ياسىغان سۇ ئامبىرىنىڭ شۇنچە سۈيىنى كورگەزمە قىلمايمىز، ئاشۇنداق يەرلەرگە ئىشلىتىمىز...



— سەنمۇ ئاتام زامانىدىن قالغان گەپنى قىلىۋاتىسەن تۇرسۇن، — دېدى قادىر ئىستېھزا ئاھاڭدا، — سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى ئىشلەتسە تۈگىمەيدىغان «ھەۋزى - كەۋسەر» ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئىككى دادۇي بىرلىشىپ ياسىدۇق. ئۇلار بىزگە بىر ئۆستەڭ سۇنى شور يۇيۇڭلار دەپ تۇتقۇزۇپ قويماس!

— ئۇلار ساڭا ئوخشاش ئويلىمايدۇ - دە...

— ھە، مەن قانداق ئويلايدىكەنمەن؟! — دېدى قادىر پىر ئاز گۈكىرەپ.

— بولدى - بولدى... قويۇڭلار تاغىنىلەر! — دېدى ھېلىقى ئاۋاق يىگىت مۇنازىرىنىڭ ئاخىرى جىدەلگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، — يوق گەپنى تالاش - تارتىش قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ تېخى ھېچكىم بىزگە «قولۇڭغا كەتمەن ئال» دېگىنى يوققۇ؟ گۈلباھار ئۆزىلا شاپاشلاپ يۈرىدۇ. رەھبەرلىكمۇ بىر نەرسە ئويلايدىغاندۇ.

— راست، — دەپ تەكىتلىدى ئارىدىن بىرسى، — ئابىت شۇجىلار تۇرغان يەردە بىزلەرگە نېمە جودا. ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ ئوتتۇرىغا بىر چىقسۇن، ئاندىن كورەرمىز. قېنى قادىر، «بېغىمىدىكى بۇلبۇلغا» بىر چالغىنا!

قادىر راۋاپنى قولىغا ئېلىپ، خوشياقمىغاندەك تىرىڭلىتىشقا باشلىدى...

★

ئادىللا جاھازلانغان چاقىنىنا ئىشخانا ئادەمگە لىق تولغان ئىدى. قويۇق تاماكا ئىسلىرى ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قاتلاملىرىدا لەيلەپ، لىم ياغاچقا ئېسىلغان 40 - لامپىنىڭ

ئۇرنىنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

كىچىككىنە تۈنىكە مەشىنىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئۆزئارا پاراڭلاشماقتا. بۇلار گۈلشەن ۋە باشقا خوشنا دادۈي، شياۋدۈيلەرنىڭ دۈيجاڭلىرى ئىدى. ئىشكاپ يېنىغا قويۇلغان ئىش ئۈستىلىدە ئابىت شۇجى بىلەن روزىكام نىمىلەرنىدۇ قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ گۈلباھار كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئانار دانىچىلىرىدەك قىزىرىپ، ماڭلاي چاچلىرىنى ئاپپاق قىرو باسقان ئىدى.

ئىشخانىغا ئالدى-كەينى بولۇپ يەنە ئىككىيلەن كىرگەندىن كېيىن، ئابىت شۇجى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ مەجلىسنى باشلىدى.

— يولداشلار! — دېدى ئۇ ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، — ھەرقانداق ئىشنىڭ پىلانى باھار ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ. باھارغىمۇ ئاز قالدى. بۈگۈن بىز بىرلا مەسىلە ئۈستىدە — گۈلشەن دادۈيىنىڭ ئايىغىدىكى شورلۇق دەشتنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىرلەشمەكچى، بۇ يەرنى تېرىلغۇ ماكانىغا ئايلاندۇرۇش بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىمىزغىمۇ كىرگۈزۈلگەن ئىدى، لېكىن بۇ يىل ئۆزگەرتەمدۇق، كېلەر يىلمۇ ياكى بىرقانچە يىلدىن كېيىنمۇ، قىسقىسى، شورلۇق دەشتنى ئۆزگەرتىشكە بىزنىڭ ئىمكانىيەتلىرىمىز يار بېرەمدۇ-يوق؟ مانا شۇ ھەقتە ئوچۇق پىكىرلىشىپ باقساق.

ئابىت شۇجىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئۆي ئىچىدە تەۋرىنىش، غاۋۇر-غۇۋۇر باشلىنىپ كەتتى. ھەر كىم ئۆز يېنىدا ئولتۇرغانلار بىلەن پىچىرلىشىپ نىمىلەرنىدۇ سۆزلىشەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتلۇق يېپىق سۆھبەتتىن كېيىن روزىكام ئورنى



www.uyghurkitap.com

دىن تۇرۇپ «مەن بىر سۆزلەپ باقاي» دەپ مەجلىس ئەھلىگە قارىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى روزىكامنىڭ خېلى ياشىنىپ قالغان مۇلايىم بەستىگە تىكىلدى.

— ئاتا-بوۋىلىرىمىز «يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق، ساتسا پۇل، ئىشلەتسە قول» دەيدىغان، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — دەرھەقىقەت بەر دېگەننى ئىشلەتسەڭ قولدەك خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىشلەتمىسەڭ، ئاشۇ دەشتكە ئوخشاش گىدىيىپ ساڭا بەگلىك قىلىدۇ. گۈلشەندىكى شورلۇق دەشتنىڭ شۇنچە يىل بىزگە بەگلىك قىلغىنىمۇ يېتەر، ئەمدى ئۇ يەرنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ. بىز ئۈچۈنمۇ ئاز-تولا ئىشلىسۇن. مېنىڭچە، بىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمىز ئۇ يەرنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇشقا يېتىدۇ...

— سۇ مەسىلىسىچۇ؟! — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن، — كۈچ كۆرسىتىش بىلەن ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولماس. بەگنى قول قىلىشتا ئەڭ ئاۋال ئۇنىڭ قەددىنى پۈكۈش كېرەك!

— توغرا، — دەپ ئورنىدىن تۇردى گۈلشەنگە خوشنا دۈيىنىڭ دۈيجاڭى قۇتلۇق، — گۈلشەن بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇنقى قاپاق-چوگۈندە سۇ توشۇپ تېرىقچىلىق قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، شورلۇق دەشتنى ئۆزگەرتىشتە گۈلشەننىڭ ئىمكانىيىتى بۇ يىل ئەمەس، بەلكى بىرقانچە يىللاردىن كېيىنمۇ يار بەرمەيدۇ...

— سېنىڭچە بولغاندا ئوغلۇم، ئۇ يەرنى ئۆزگەرتمەيلا ئاپپاق غوجامنىڭ قەۋرىسىدەك زىيارەتخانا قىلساق بولىدىكەندە! — دېدى روزىكام قۇتلۇققا بۇرۇلۇپ.

— ئەمەلىيەت شۇدە! — دېدى قۇتلۇقمۇ ئۆز پىكرىنى

تەكشۈرۈپ، — دەشتنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال سۇ ئۇندۇرۇش كېرەك.
ئىشكاپقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ماخمۇت ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:
— يولداشلار! ھەر خىل پىكىرلەر چۈشۈۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى. مېنىڭچە يەنىمۇ ئەتراپلىق قارىساق تېخىمۇ ياخشى بولار. ھېلى روزىكام ئوبدان ئېيتتى. ھەقىقەتەنمۇ دەشتنى ئۆزگەرتىشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يەتتى. كوپىراتسىيە ۋاقتىدا بۇ يەرنى بويسۇندۇرالمىدۇق. چۈنكى يالغۇز ئاتنىڭ چىڭقى چىقماس دېگەندەك، كۈچىمىز يەنىلا تارقاق، ئاجىز ئىدى. گوڭشېلاشقاندىن كېيىنمۇ دەرھاللا بۇ يەرنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق. دەسلەپكى ۋاقىتتا تېخنىكىمىز ئاجىز، سۇ مەسىلىسى يەنە قىس ئىدى. ئەمدى دوپپىمىز بېشىمىزغا كىچىك كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ياشلاردىنمۇ بىرقانچەيلەن شورلۇقنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر - تەلەپلەرنى بەردى. مېنىڭچە بۇ يەرنى ئۆزگەرتىشتە سۇ جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرىمىزمۇ ئەمدى يار بېرىدۇ. سۇ ئامبىرىدىن ئۆستەڭ قازساق، سۇ مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئىشتا ھەر بىرىڭلارنىڭ كەڭ قوللۇق ياردىمى كېرەك.
روزىكام ئۆزىگە ياراشمىغان بىر سەۋرسىزلىك بىلەن قوشۇمچە قىلدى:
— دەرھەقىقەت، كوپىراتسىيە ۋاقتىدىمۇ بىز بۇ يەرنى باشقۇرالمىغان ئىدۇق. ئەمدى بولسا گوڭشېلەشتۇق. ھازىر ئەمگەك كۈچى، سايمان - قوراللار بولسا يېتەرلىك. بۇ ئەسلىمنى ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدۇ...
— خوشنا دۆلەرنىڭ دۆيجاڭلىرى ئىچىدە يەنە غوۋغا



كۆتىرىلدى.
— شورلۇق دەشت ئۈچۈن بىر ئۆستەڭ سۇ بەرسەك باشقا دۆيلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە خۇدادىن يامغۇر تىلەيمىزمۇ؟
— سەن قاراپتۇر، مەن تويىۋالاي، دېگەن گەپ بولدى - دە!
مەجلىس باشلانغاندىن بېرى ھاياجانلىنىپ ئولتۇرغان گۈلباھارنىڭ بىردىنلا رەڭگى - روھى ئۆزگىرىپ، مەدەت تىلىگەندەك، بىردە ئابىت شۇجىغا، بىردە جامال دۆيجاڭغا تەلمۈرۈپ قاراشقا باشلىدى.
— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى بايىدىن بېرى بولۇۋاتقان تالاش - تارتىشلارغا دىققەت قىلىپ جىم ئولتۇرغان جامال دۆيجاڭ. ئۇنىڭ زور بەستى قوزغىلىش بىلەن ئۆي ئىچىدىكى «غاۋۇر - غۇۋۇر» بېسىلدى.
— يولداشلار! تالاش - تارتىش قىزىۋاتىدۇ، لېكىن بەزىلەر ناھايىتى تار پىكىر قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كوپچىلىكىمىز كوممۇنىست. پەقەت ئىگىمىزدە تۇرغاندا يىراق يەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ھەممىمىز شەخسى مەنپەئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپلا ئويلايدىغان بولساق، ئەتىكى كۈن ھەققىدە ئېغىز ئاچالمايمىز. گۈلشەندىكى دەشتنى ئۆزگەرتىپ، ئاشلىق ماكانىغا ئايلاندۇرۇش كىم ئۈچۈن؟ ئەلۋەتتە، كوپلەپ ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىپ دۆلەتنى، خەلقنى باي قىلىش ئۈچۈن، دېمەك، ھەممىمىز ئۈچۈن. بۈگۈنكى كۈندە گۈلشەننىڭ تېرىلغۇ مەيدانى كەملىك قىلىپ، يەر ئېچىشقا ھاجىتى چۈشكەن ئىكەن، بۇنىڭغا ھەممىمىز يەكدىللىك بىلەن ھېسداشلىق قىلىپ يار - يۆلەكتە بولۇشىمىز كېرەك. توغرا، دەشت ئۈچۈن سۇ كېرەك. «سۇ - سۇ...» دەپ قاچانغىچە ئاغزىمىزنى چاكىلى

دىتىمىز. سۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چوڭ سۇ ئامبىرى ياساپ ئۇرغۇن ياۋا سۇلارنى يۈگەنلىدۇققۇ؟ ئۆستەڭمۇ قازدۇققۇ؟ ئەگەر سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىدىن توغرا پايدىلىنىدىغان بولساقلا، ھەممىمىز ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدۇ. سەل كەڭ قورساق بولايلى، يولداشلار!

— جامال دۈيجاڭنىڭ پىكرىدىن كېيىن پۈتۈن ئۆي ئىچى جىمىپ كەتتى. ھەر كىم ئۆز پىكرىنى مۇلاھىزە قىلاتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى تارتىشاتتى...

— مېنىڭچە، جامال دۈيجاڭنىڭ پىكرى تالاش-تارتىشنى يەكۈنلەپ قويدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن، — ھەقىقەتەنمۇ «مېنىڭكى، سېنىڭكى» دەپ تارتىشىدىغان بولساق، ھەممىمىز قۇرۇق قول قالىمىز. بۈگۈنكى كۈندە گۈلشەن يېڭى بىر ئىشقا بەل باغلىغان ئىكەن، بىز ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. بۇ يىل پۈتۈن باشقۇرۇش رايون بويىچە ئالغاندىمۇ سۈيىمىز خېلى مول. ناچۇق ئۆستەڭنىڭ سۈيىمۇ باھار كىرمەستىن بۇرۇن ئۇرگەشلەپ ئاققىلى تۇردى. سۇ ئامبىرىمىزنىڭ مەنبەسى قۇرۇق ئەمەس. شەخسەن مەن، بىزنىڭ دۈيگە كېرەكلىك سۇدىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىقتىسات قىلىپ، گۈلشەننىڭ شورلۇقىغا تەقدىم قىلىمەن.

ھەقىقەتەنمۇ، تالاش-تارتىشنىڭ ئاخىرى پىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يەنە بىر-ئىككى دۈيجاڭلار پىكىر بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سۇ تېجەپ گۈلشەنگە ياردەم بېرىدىغانلىق ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئابىت شۇجى مەجلىستىن خۇلاسە چىقىرىپ، شورلۇق دەشتنى ئۆزگەرتىشنى گۈلشەننىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا رەسمىي قارار قىلىپ كىرگۈزدى. سۇنى سۇ ئامبىرىدىن ئۆستەڭ



قېزىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ھەممە بىردەك تەستىقلىدى.

## I

— باھار كەلدى ...

كىشىلەرنىڭ قىش بويى كۈچكە تولغان قايناق يۈرەكلىرى ئۆزى ئۈچۈن ھايات بۇلىقى بولغان بىپايان ئېتىز-قىرلارغا قاراپ سوقاتتى... بولۇپمۇ گۈلباھارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، شورلۇق دەشت ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىنغان نەچچە ئونلىغان ياشلارنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسى بىلەن ئارزۇ-ئارمانلىرى خۇددى بىخ يېرىپ چىققان گۈل غۇنچىلىرىدەك تاۋلىنىپ، گۈلشەننىڭ تام-دەرەخلىرىنى ھەر خىل ئىرادىنامىلەرگە توشقۇزۇۋەتتى.

گۈلباھار شىياۋدۈي ئىشخانىسىنىڭ سىرتقى تاملىرىغا يېپىشتۇرۇلغان ئىرادىنامىلەرنى ئوقۇشقا قىزىقىپ، يېنىغا كېلىپ تۇرغان ئابىت شۇجىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— ھە سىڭلىم، — دېدى ئابىت شۇجى گۈلباھارنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، — بۈگۈن باشقىچە كۆرۈنىسىزغۇ؟

— قانات ياساپ ئۇچقۇم كېلىۋاتىدۇ ئابىتكا، — دېدى ئۇ ھاياجانلىق بىر ئاۋاز بىلەن، — سەپەرگە قاچان ئاتلىنىمىز؟

— بىر-ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە يولغا چىقىسىلەر، گوڭشې پارتكومىمۇ قارارىمىزنى تەستىقلاپتۇ. لېكىن سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس.

— قانداق؟ — دەپ ئەجەبلەندى گۈلباھار.

— دەسلەپكى قەدەمدە شورلۇقنىڭ بىر پارچىسىدا تەجرىبە قىلىپ كۆرۈشنى تەكىتلەپتۇ، بىزمۇ بۇنى توغرا تاپتۇق. ھەرقانداق



www.uyghurkitap.com

يېڭى ئىشتا سەۋىرچانلىق بىلەن قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى ۋە بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — گۈلباھار، سىزنىڭچە بىرىنچى قېتىم قانچىلىك يەرگە ئۇرۇق چاچساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

— يۈز موچە يەرنى تەجرىبە قىلساق قانداق بولاركىن، — دېدى گۈلباھار.

— دېمەك، يېرىمىنى دەڭ، — ئابىت شۇجى بىرئاز ئويلىنىپ قالدى، — شورلۇقنىڭ ئۆزىمۇ ئىككى يۈز مودىن سەل ئارتۇق كېلەر. يۈز مو بىرئاز كوپ، مېنىڭچە 50 موغا ئۇرۇق چاچساق.

— بۇمۇ بولىدۇ، — دېدى گۈلباھار، — ئۇستەڭ قېزىشتىمۇ ئانچە قىينالمايدىغان ئوخشايمىز. سۇ ئامبىرى شورلۇق دەشتتىن ئارانلا 5 چاقىرىم يىراقتا ئىكەن.

بىردەمدە بۇنىمۇ ھېساپلاپ بوپسىزدە، — دېدى شۇجى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن.

— ئۆتكەن كۈنى «شاپتۇللۇق» قا بارغىچە ھېساپلاپ كورگەن ئىدىم.

ئابىت شۇجى گۈلباھارنىڭ جۇشقۇنلاپ تۇرغان غەيرىتىگە، ئاڭ غۇنچىسىدەك ئۇماقلىقىغا زوقلىنىپ تۇرۇپ قالدى...

دادۇينىڭ قارارى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە دەشتكە يۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىككى زەربىدار گۇرۇپپا تەشكىل قىلىندى. ئەرلەر گۇرۇپپىسى سۇ ئامبىرىدىن دەشتكە قاراپ ئۇستەڭ قېزىش ۋەزىپىسىنى، ئاياللار گۇرۇپپىسى ئۇستەڭ پۈتكىچە بوز يەر ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەرلەر گۇرۇپپىسىغا شياۋدۇيجاڭ سالى، ئاياللار گۇرۇپپىسىغا گۈلباھار زۇجاڭ بولۇپ تەيىنلەندى.



# III

گۈلشەن كىشىلىرىنىڭ ئاغزىدا ئاجايىپ تەقىل بولۇپ قالغان «داش — يول ماگالماي قايدى باش» قىمۇ باھار كەلدى، باھار ئەمەس، قايناق ھايات كەلدى...

بۇ يىلقى باھارنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، ياز ناھايىتى ئىسسىق كېلىدىغاندەك كورۇنەتتى. شورلۇقنىڭ تەبىئىتىمۇ مىنۇتسېرى ئۆزگىرىۋاتقاندەك، ھاۋا كۈندىن-كۈنگە ئىسسىشقا باشلىدى. قارلار ئاللىقاچان ئېرىپ شالاڭ ئوسكەن يۇلغۇن، شىۋاقلار بىلەن قاپلانغان شورلۇق يۈزى خۇددى ئومۇر بويى تەملىك كورمىگەندەك، تاپ-تاقىر بولۇپ قالدى. دىققەت بىلەن قارىغان ھەرقانداق كىشىگە بۇ شورلۇق دەشت خۇددى گۈلشەننىڭ گۈزەل ھوسنىگە چۈشكەن بىر پارچە تاتۇقتەك كورۇنەتتى.

مانا ئەمدى زامانلاردىن بېرى مۈگدەپ ياتقان بىپايان دەشت ئويغىنىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بۇلۇتسىز ئاسمانلىرىمۇ ئوز باغرىدا ئوستۇرگەن يۇلغۇنلارنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى بىلەن قاپلاندى...

شورلۇقنىڭ بىر چېتىدىكى تاسادىپىي ئوسۇپ قالغان بىر تۇپ قېرى جىگدىنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان چوڭ چېدىر ئەتراپىدا قول ھارۋىسى، زەمبىل-سىۋەتلەر رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، چېدىرنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئوچاق ئالدىدا يېڭىدىن كېسىلگەن يۇلغۇنلار خۇددى شال خامانلىرىدىكى پاخالدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى...

ئالدىغا ئاپپاق داستىخاننى خالات قىلىپ تارتىۋالغان ئاشپەز ئايال چېدىردىن كونىراپ قالغان بىر پەتنۇسنى ئېلىپ چىق-

نى - دە، يۇلغۇننىڭ كوتىكى بىلەن ئۇرۇپ ۋاقىراشقا باشلىدى:
— تاماق تەييار بولدى، تاماققا كېلىڭلار!...
ئاچچىق شور توزاڭلىرى ئىچىدە ياغلىق، لوڭگىلەر بىلەن ئاغزىنى بېكىتىۋېلىپ، يۇلغۇن، قامقاقلارنى قومۇرۇۋاتقان قىز-جۇۋانلار "داڭ" ئاۋازىنى ئاڭلىدى - يۇ، لېكىن ئىشنى توختاتمىدى. كۆلشەندىكى "ئېتىز بۇلبۇلى" دېگەن نامى بۇ يەرگە كېلىش بىلەن "بوز بۇلبۇلى" غا ئۆزگەرگەن ياشقىنا جۇۋان ئاستا بېشىنى كوتىرىپ ئاسمانغا قارىدى - دە، تىنىق ئاسماندا كۆلۈپ تۇرغان قۇياشقا قاراپ:
— بىردەمدە چۈش بوپتىمۇ؟ كۈننىڭ بەك تېز ئۆيىقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، — دېدى.
ئون قەدەم نېرىدىن گۈلباھارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— يولداشلار! ئىشنى توختىتىپ تاماققا بارايلى!...
ھەممەيلەن كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئۆز جايىغا قويۇپ، چىدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن گۈلباھارنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەممە بىردەك كۆلۈپ كەتتى.
— قارا، گۈلباھار، يۈزلىرىڭدىكى ئۇپا - ئەڭلىكلىرىڭ يامغۇر سۈيى بىلەن ساقىپ چۈشكىلى تۇرۇپتۇ، — دېدى "بوز بۇلبۇلى" كۈلكىسىنى بېسىپ، — مۇشۇ تۇرقۇڭدا قادىر بىر كۆرسە قانداق ھەۋەسلىنەر ئىدى - ھە؟!
— ئۆزەڭگىمۇ بىر قارىغىنا، چاچلىرىڭ خۇددى خامىنغا چۈشكەن پوستەكچىنىڭ تۇمشۇقىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى گۈلباھارمۇ بوش كەلمەي، لېكىن ئۇ، قادىرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن بەدىنىگە توك تەككەندەك بىر قىسما بولۇپ قالدى.
ئاشپەز ئايال ئەپچىللىك بىلەن غىدىرلارغا تاماق سۈزۈپ، بىر - بىردىن سۇنۇشقا باشلىدى. ھەممەيلەن تاماققا تۇتۇندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ۋاي - ۋاي... تويدۇم بۇ ئىسسىقتىن! — دېدى ئاشنى ئەپ-لەپ ئىچەلمەي تۇنجۇقۇپ كەتكەن ئامىنە، — كۆلشەندە [illegible]ھارۇ، بۇ يەردە تومۇز...
— ئىسسىق دېگەننىڭ بولغىنى ياخشى، — دېدى رەيھان قول ياغلىقى بىلەن ئاتەشتەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى سۈرتۈپ، — كورۇپ قالىسىز، بۇ يەردىن يىلىغا 2 قېتىم ھوسۇل ئالىمىز.
ئامىنە رەيھانغا قاراپ دومسايدى:
— ئىسسىق بولسىمۇ ئېپى بىلەن - دە! ئىسسىقنىڭ دەردىنى تارتامدۇق، ئاچچىق شورنىڭمۇ؟
— ھەر ئىككىسىنىڭ دەردىنى تارتىمىز، — دەپ سوزگە ئارىلاشتى "بوز بۇلبۇلى"، — ئىسسىق بولسا ئاش بولىدۇ، ئاچچىقتىن كېيىن تاتلىق بولىدۇ...
تاماقتىن كېيىن گۈلباھار ئەزالارنى يىغىپ: "يۇلغۇننىڭ يىلتىزلىرىنى چوڭقۇرراق قېزىش، ئىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئۇستەڭ چېپىۋاتقان يىگىتلەردىن ئارقىدا قالماسلىق..." قا چاقىرىپ، يېرىم سائەت مەجلىس ئاچقاندىن كېيىن ئىشقا ئاتلاندى.

★

ئۇستەڭگە 10 يىگىت ئولتۇرغان ئىككى ئاتلىق "يارىيا" ھارۋا تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن يولغا چىقتى.
دادۇيىنىڭ يازغى بۇغداي يەرلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاغدۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قادىر باشلىق قوشچىلار گۇرۇپپىسىدىكى بۇ ئون نەچچە يىگىتنىمۇ گۈلباھارلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەشتكە ئاتلاندۇرغان ئىدى.

— قىنى ئەرشى، ئاتلىرىڭنى بىر ئاز تېزلەتكىن، — دىدى قادىر، — ئىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ دەشتكە يېتىۋالايلى.

— يۈرىكىمنىڭ قاتتىق ئۇرۇۋاتامدۇ - نىمە؟ — دىدى ئەرشى ئاتلارغا ھەيۋە قىلىپ، غەم قىلما، تاڭ يورۇغىچە سىنى باھارنىڭ ئالدىغا يەتكۈزىمەن.

— قويساڭچۇ شۇ چاخچىقىڭنى، — دىدى قادىر بىر ئاز خىجىل بولغانداك.

— ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي قادىر...راۋاپنى قولۇڭغا ئالغىنا! ئولەي دىدىمغۇ بۇ جىملىقتىن...

قادىر راۋاپ چىلىشقا باشلىدى. تىترەپ ئۇرۇلغان زەخمەك، تارلاردىكى گۈلباھار كەتكەندىن بىرى ئۇزىگە يىققان سىغىنىش مۇڭلىرى بىلەن ۋىسال مىنۇتلىرىدىكى ئوتلۇق ھاياجانلىرىنى شىرىن ئۇيقۇدا ياتقان چەكسىز دالىغا نامايەن قىلماقتا ئىدى.

تاڭ يورۇغانسىرى قەدەملەر تېزلەشتى. بۇلارنىڭ كوزىگە قىرى جىگدە تۈۋىدىكى چىدىر خۇددى بىر ئۇدەك تۇخۇمىدەك كورۇنۇشكە باشلىغاندا سۇبھى كوتىرىلىپ، چەكسىز ئۇپۇق لالەرەڭگە كىرگەن ئىدى... قىزلارمۇ ئاللىقاچان ئىشقا چىقىپ بولغان ئىكەن.

قادىرنىڭ راۋابىنى تونۇپ، يول تەرەپكە قاراپ تۇرغان قىزلار: «كاككۇك كەلدى چوللەرگە، زىنەپ كەتكەن دەشتلەرگە...» دەپ گۈلباھارنى خىجىل قىلىشقا باشلىدى. قادىر بۇنى ئاڭلاپ بىردىنلا راۋاپ چىلىشتىن توختىدى. بۇنى كورگەن "بوز بۇلبۇلى" بارلىق ئاۋازى بىلەن چىدىر يىنىغا كىلىپ قالغان ھارۋىغا قاراپ ناخشا توۋلىدى:



چالماسەن راۋابىڭنى،
قولۇڭدا زەخمىكىڭ بولسا.
سەنمۇ ئەمگەك قىلماسەن،
بىزدەك غەيرىتىڭ بولسا.

قىزلار كەتمەن - كۆرەكلىرىنى ئىگىز كوتەرگىنىچە چۇقۇرىشىپ كەتتى.

— مانا - مانا ... ئولتۇردىڭمۇ بۇ تىلى قۇرغۇر، — دىدى ئەرشى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ.

شۇ ئەسنادا قىزلارمۇ يۈگۈرۈپ كىلىپ ھارۋىنى قورشىۋالدى. گۈلباھار بىر چەتتە قىزىرىپ، نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان قادىرنىڭ يىنىغا كەلدى - دە، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قولىنى سوزۇپ سەممىي ھال سورىدى:

— ياخشىمۇسىز قادىر؟

قادىر بىر ئاز ھودۇقۇپ، ماڭلايلىرىدا تەر تامچىلىرى يالتىراشقا باشلىدى. ئاخىر سەل ئوزىنى ئوڭشاپ ئارانلا:

— ياخشى... ئوزىڭىزچۇ؟ — دىيەلىدى.

ئاستا - ئاستا بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پاراڭمۇ ئوز قىلىپىغا چۈشۈپ، گۈلشەندىكى تىرىلغۇ ئەھۋالى، بۇ يەردىكى ئىشلار ھەققىدە ئىچىلىپ - يىيىلىپ سوزلەشتى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كىيىن قادىر ئىككى يىگىتكە دەشتنىڭ نىرىقى چىتىگە چىدىر ئورنىتىشنى تاپىلاپ، قالغانلار بىلەن يەر تۈزلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

★

تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ ئۇستەڭ قېزىشىۋاتقان كۆرۈپچىنىڭ زۇۋاگى سالى كېلىپ، يەر تۈزلەش، قىر سوقۇش، توغان قېزىش ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇستەڭ قېزىشنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ گۈلباھار بىلەن تەكشۈرۈپ بولغان يەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بەزى مەسلىھەتلەرنى بەردى.

— ئازگاللارنى پۈختىراق تىندۇرۇش لازىم، — دېدى ئۇ بىر چوڭقۇرلۇق يېنىغا كەلگەندە، — بولمىسا سۇلارنى سورەپ قاچىدۇ...

سالى قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، قىزلار چۇقۇرۇشۇپ قالدى:

— يىگىتلەرگە مۇسابىقە ئېلان قىلىمىز، بۈگۈن ئۇستەڭنى ئېتىز بېشىغا يەتكۈزەلەمسىلەر - يوق؟

— بۈگۈنكى كۈننى ئاخىرقى زەربىدارلىق كۈنى قىلىپ بەلگىلەيمىز، قوشۇلامسىلەر؟

— ھە ... سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا يىگىتلەر چىقىپ قاپتۇ، شۇڭا بەك ۋاقىرايسىلەرغۇ دەيمەن؟ — دېدى سالى چاخچاق بىلەن.

ۋاي - ۋۇي ... يىگىتلەر چىقماستىن بۇرۇنمۇ ئاۋازىمىز دەشتكە بىر كەلگەن، — دېدى «بوز بۇلبۇلى»، — يېڭى چىققان يىگىتلەرمۇ سىلەردىن ئايلانسۇن!

— بولىدۇ، مۇسابىقەڭلارغا قوشۇلىمىز، — دېدى سالى مەغرۇرانە، — قولىمىز، پۇتىمىز، بېشىمىز بىلەن بولسىمۇ ئىش



لەپ، بۈگۈن كەچ كىرگىچە ئۇستەڭنى ئېتىز بېشىغا يەتكۈزىمىز...

شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى كۈن ئەڭ ئاخىرقى زەربىدارلىق كۈن قىلىپ بەلگىلەندى. ئىش ھەقىقەتەنمۇ قىزىپ كەتتى. بىنا بولغاندىن بېرى مۇنداق قايناق كۆرەشنىڭ شاۋقۇنىنى كۆرۈپ باقمىغان دەشتنىڭ ئىگىز - پەس تۆپىلىكلىرى: قىزلارنىڭ كەتمەن - كۆرەكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئارقا - ئارقىدىن قەددىنى پۈكۈشكە باشلىدى. ئىگىز يەرنىڭ توپىلىرى بىلەن ئازگاللارنى توشقۇزۇۋاتقان قول ھارۋىسى، زەمبىل - سىۋەتلەرنىڭ ھەركىتى شۇنداق تېز ئىدىكى، كۆز بىلەن قاراپ ئۈلگۈرۈشكە بولمايتتى. «بوز بۇلبۇلى» نىڭ قولى ئىشتا، ئاغزى ناخشىدا ئىدى. ئۇ بەزىبىر «ئۇھ... چارچاپ كەتتىم...» دەپ جىگدە تۈۋىگە ئۇتتۇۋالغانلارنى كۆرسە، قىسقا - قىسقا قوشاقلارغا قېتىپ قىزارتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جىگدە تۈۋىگە بېرىپ، ئولتۇرۇپ قالغان ئادالەتكە قارىتىپ ئېيتقان:

ئىككى ئات قوشقان ھارۋىنىڭ،
ئالدى چاقى پەسمىكەن؟
جىگدە تۈۋىدىن قوپمايسىز،
ئەمگەك قىلماق تەسمىكەن؟!

دېگەن ناخشىسىدىن كېيىن ھېچكىممۇ بىرەر مىنۇت ئىشنى توختاتمىدى.

ئۇستەڭ چېپىۋاتقانلار ئىچىدىمۇ ئاجايىپ قىزغىن جەڭ بولۇپ كەتتى. بەزىبىر كەتمەننى بوشراق سالغانلار «قۇنەش»

دىگەن قوشاقچى، يىگىتنىڭ ئاچچىق كۈلكىسىگە قالاتتى. ئۇنىڭ:

ئاق كەپتەرمۇ دان يەيدۇ،
كوك كەپتەرمۇ دان يەيدۇ.
چىڭراق سالغىن كەتمەننى،
قىزلار كورسە، بوش دەيدۇ.

دىگەن ئاخشىسى ھەممە يىگىتلەرنىڭ نومۇس كۈچىنى قوزغاپ، قىزلاردىن ئارقىدا قالماسلىققا چاقىراتتى...

قۇياش ئۇزىنىڭ بىر كۈنلۈك سەپىرىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، قىز-يىگىتلەرنىڭ زەربىدارلىق ھەركىتىگە قاراۋېرىپ كوزى تالغاندەك، تىيانشاننىڭ ئاقۋاش چوققىسىغا باش قويغاندا، ۋەزىپە تولۇق ئورۇنلاندى.

"شورلۇق دەشتىنىڭ" چاڭگىلىدىن يۇلۇۋېلىنغان 50 موچە يەر تەكشى تۈزلىنىپ، ئۇستەڭگە قىر سوقۇلدى. ئۇلۇك دەشتكە ھايات ۋە ھوسۇن بەرگۈچى ئۇستەڭمۇ قېزىلىپ، سۇ مەنبەئىگە تۇتاشتۇرۇلدى. ئەمدى سۇ ئېچىپ ئۇنىڭ شورىنى بۇيۇشلا قالغان ئىدى.

★

قىرلىرى سىمونتلانغان كوز يەتكۈسىز سۇ ئامبىرىنىڭ ئەينەكتەك تىنىق سۈيى ئىگىز-پەسلىكلەردە يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان بىر مېتىر كەڭلىكتىكى ئۇستەڭدىن ئۇششاق دولقۇنلار بىلەن ئېقىپ كېلىپ، شورلۇق دەشتىنىڭ چاڭقىغان باغرىغا يې-



يىلدى. كىچىك-كىچىك توغانلاردىن لومشۇپ كىرىۋاتقان سۈزۈك سۇ بىر پەسىنىڭ ئىچىدە شورلۇقنىڭ يۈزىنى كومدى.

سۈزۈك تاڭلار ئېتىپ، بىنامىنىڭ ئوسسىمۇ كېلىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۇلگۇرتۇپ بىر ئەتىگەنلىكى روزىكام بىلەن ماخمۇت يېزىدىن سوقا بىلەن ئۇرۇقلۇق ئېلىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئىش يەنە قىزىدى. ئىككى جۈپ سوقا يەر كوكسىنى تىلىشقا باشلىدى. ئىككى قېتىملىق ھەيدەشتىن كېيىن ئۇرۇقمۇ كومۇلۇپ بولدى...

## IV

ئوتلۇق ھارارەت بىلەن ماي ئايلىرىمۇ كىرىپ كەلدى. بۈگۈن بارلىق ئاياللار ھەركەتلىنىپ، بۇغداي مايسىلىرىنى ئوتاشقا چىققان ئىدى. گۈلباھار چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئويىگە كېلىپ، ئەمدى تاماقلىناي دەپ تۇرۇشىغا قادىر كىرىپ كەلدى.

— كەل ئوغلۇم، — دىدى گۈلسۈم ھەدە قادىرنى تورگە تەكلىپ قىلىپ.

قادىر يۈزۈرى چىقىپ ئولتۇردى. لېكىن ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ گۈلباھارنىڭ كوڭلى بىئارام بولدى. گۈلسۈم ھەدە بولسا قادىرنى كورۇش بىلەنلا بىردەم ئوچاق بېشىغا، بىردەم جاۋەنگە يۈگۈرۈپ، ئوزىچە پاي-پىتەك بولۇپ قالدى.

— قولۇڭنى چايقا ئوغلۇم، — دىدى گۈلسۈم ھەدە بىر ئاپتۇۋا سۇنى قادىرغا ئۇزىتىپ، — تېخى ساڭا گېلى سىقىلىپ تۇراتتى. ياخشى، ئوزەڭ كېلىپ قالدىڭ.

— رەھمەت ئانا، — دىدى قادىر غەمكىن بىر ئاۋازدا، —

www.uyghurkitap.com

تاماققا! ئىشتىيىم يوق، ئالدىراپ تۇرىمەن...

گۈلسۇم ھەدە بىرئاز رەنجىگەندەك بولدى:

— زادى سەن ھەرقاچان كەلسەڭ، قامچاڭنى سۇغا چىلاپلا كېلىسەن. بىرەر قېتىممۇ تاماققا ئېغىز تەگمەيسەن...

— تاماققا ئېغىز تەگمىسەممۇ، كۆڭلۈمدە كۈندە ئېغىز تەككەندەك تۇرىمەن، — دېدى قادىر بىرئاز ئېچىلىپ.

— بۈگۈن ئولتۇرمىساڭ ئاغرىنىمەن ئوغلۇم، — دېدى گۈلسۇم ھەدە ۋە بىرپەسنىڭ ئىچىدە تارىدەك سوزۇلغان ئىككى چىنە لەغمەننى داستىخانغا قويدى.

گۈلباھار قادىرنى تاماققا تەكلىپ قىلغاچ سورىدى:

— نېمە بولدى قادىر؟ ناھايىتى خاپا كۆرۈنىسىزغۇ؟

— ھە، شورلۇققا بارغان ئىدىم...

— قانداق، بىرنەرسە بوپتىمۇ؟ — گۈلباھارنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— مايسىلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كېتىپتۇ...

شۇ سۆز بىلەن تەڭ گۈلباھارنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئەزايى - بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، لەۋلىرى لىپىلداشقا باشلىدى. ئۇ بىرئاز جىملىقتىن كېيىن ئورنىدىن ئىرغىپلا تۇردى - دە، سىرتقا ئېتىلدى. پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالغان قادىرمۇ:

— گۈلباھار... گۈلباھار... — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بىر قولىدا چومۇچ، بىر قولىدا چۆيلا تۇتۇپ قازان بېشىدا تۇرغان گۈلسۇم ھەدە شۇنچە ھەۋەس بىلەن پىشۇرغان تاماقنىڭ خېرىدارسىز قالغانلىقىغا رەنجىپ، بىر داستىخانغا، بىر ئىشىككە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى...



★

گۈلباھار ئىككى كۈندىن بېرى، خۇددى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك بولۇپ قالدى... "تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ" دېگەندەك، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى. شورلۇقتىكى مايسىلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، بوز ئېچىشقا قارشى چىقىپ كەلگەن بەزى ئادەملەرنىڭ كۆكسى بىرلىك كۆتىرىلىپ "بىز دېمىدۇقمۇ؟ قۇرۇق قاخشال دەشتتىن قانداقمۇ ھوسۇل ئالغىلى بولسۇن! مانا ئەمدى زىيان زىيانلىقچە قالدى..." دەپ غودۇڭشىشاتتى.

بۇ خىل گەپ - سۆز، تاپا - تەنىلەر گۈلباھارنىڭ دەردىگە دەرت قوشۇپ، ئۇنىڭ روھىنى تېخىمۇ چۈشۈرۈۋەتتى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابىت شۇجىمۇ ھەر تەرەپتىن ئالدىراپ قالدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ گۈلباھارنى روھىي جەھەتتىن يەنە ئاۋالقىدەكلا ساغلام ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى. شۇڭا ئابىت شۇجى گۈلباھار بىلەن يۈزمۇ - يۈز سۆزلىشىپ بىرئاز بولسىمۇ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن ئاتايىن ئۇنى ئىزلەپ كەلدى. ئابىت شۇجى ئۆيگە كىرگەندە، گۈلباھار خۇددى كېسەل كىشىلەردەك كارۋاتتا ياتقان ئىدى. ئۇ، ئابىت شۇجىنى كۆرۈش بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە بولدى سىڭلىم، ئۆزىڭىز ساقمۇ؟ — دېدى شۇجى گۈلباھارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، گۈلباھار يەرگە قارىغىنىچە جىم تۇراتتى. ئابىت شۇجى ئۇنى يەر ئاستىدىن كۆزەتتى - دە:

— دەرەخلەر نىمە ئۈچۈن قۇرۇمايدۇ؟ — دەپ سوئال قويىدى ۋە بىر ئاز جىمىلىقتىن كېيىن ئۆزى جاۋاپ بەردى: — دەرەخنىڭ يىلتىزى ئەمدە بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇمايدۇ، سىڭلىم، سىزنىڭ يىلتىزىڭىز ئەمدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

گۈلباھارنىڭ كوزلىرى، ئابىت شۈجىنىڭ ئاكىلىق مېھرى بىلەن چاقناپ تۇرغان سەمىمى كوزلىرىگە ئۇچراشتى - دە، ئىختىيارسىز سوزلەشكە باشلىدى:

— ئابىت شۈجى... بىز يېڭىلدۇق. دۈينى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتۇق... — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدا مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى ئەگىشكە باشلىدى.

— سىزگە نىمە بولدى، سىڭلىم؟ — دىدى شۈجى ھىچنەرسىدىن خەۋەرسىز كىشىدەك.

— ھەممىسى تۈگىدى...

— ئۆزىڭىزمۇ تۈگىدىڭىزمۇ؟ — مانا قىزىق... ھەممىدىن يامىنى مانا مۇشۇ!

ئابىت شۈجى بىر تال تاماكا چەكتى ۋە بىر ئاز خۇماردىن چىققاندىن كېيىن ناھايىتى سەۋىرچانلىق بىلەن:

— بىز يېڭىلمىدۇق، گۈلباھار، — دىدى، — بەلكى يېڭىشنىڭ ئىشىكىنى ئاچتۇق. ”زىيان تارتمىغان ئەر — ئەر ئەمەس“ دەيدۇ كونىلار. زىيان پايدىنىڭ ئاچقۇچى. مال - دۇنيا يوقالسا ھىچگەپ ئەمەس سىڭلىم. لېكىن تېتىكلىك بىلەن ئىرادە يوقالسا، ھەممە ئىش تۈگەيدۇ. بۇ ئىش ئۇلۇغ بىر ئىشنىڭ باشلىنىشى. چۈنكى شورلۇق دەشتتە ئۈنگەن مايسىلار بۇنىڭ دەلىلى. ئۇنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىزنىڭ تەجرىبىسىزلىكىمىز...

گۈلباھارنىڭ كوزلىرى يوغان ئېچىلىپ سۆلغۇن يۈزلىرىگە



ئاستا - ئاستا قان يۈگۈردى.

شۈجى يەنە نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى سوزلەپ، ئاخىرىدا خۇلاسە قىلغاندەك مۇنداق دىدى:

— شۇنداق گۈلباھار، كۈرەش بار يەردە غەلبىمۇ بولىدۇ، مەغلۇبىيەتمۇ بولىدۇ. ھەممىگە چىداش كېرەك، غەلبىنىمۇ، مەغلۇبىيەتنىمۇ بىر خىل قارشى ئېلىش كېرەك. ”تاغدەك ئىشىنىڭمۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بولىدۇ“ دەيدۇ سىڭلىم. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ، كۈرەشنى يەنىمۇ قىزىتتۇۋېتىشىمىز كېرەك!

ئابىت شۈجىنىڭ سوزلىرى گۈلباھارنىڭ قەلبىدە يېڭى بىر ئارزۇ - ئۈمىت، ئىشەنچ ئوتىنى ياقتى.

★

گۈلباھار كەلگەندە، روزىكام باشقۇرۇش رايونىدا ئېچىلغان پارتىيە مەجلىسىدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ئىدى.

قانداق قىزىم؟ — دىدى ئۇ ھويلىدىكى كارۋاتتا ئولتۇرغان گۈلباھارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ.

— ياخشى...

— ھە، ياخشى بول، ئېغىر بول قىزىم. ئېغىر تاشنى سۇ ئالمايدۇ. يەڭگىللىك قىلىپ ئۆزەڭنى ئۇپراتما! ئېيتقاندەك، مەن ساڭا خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدىم، بىزگە ياردەملەشكىلى ئاھىيىدىن بىر تېخنىك كەلدى.

— تېخنىك... — دىدى گۈلباھار كوزلىرى چاقناپ.

— ھە، تېخنىك كەلدى، — دىدى روزىكام قايتىلاپ، — ئابىت شۈجى بىزنىڭ ئىشىمىزنى گۈگۈشىغا خەۋەر قىلغان

ئىكەن. ئۇلار ناھىيىلىك ئىلمىي تەتقىقات بولۇمىدىن بىر تېخنىكنى سوراپ ئېلىپ، بىزگە چىقارتىپتۇ. قايتا ئىش باشلىشىمىز ئۈچۈن ياردەملەشمەكچى. ئىسمى تالىپ. ئۆزى ئالتۇنىدەك يىگىت ئىكەن، قىزىم.

— ئۆزى قېنى؟ — ئالدىراپ سورىدى گۈلباھار.

— ئەتىگەن كەلدىيۇ، مەن قوپقىچە قادىر بىلەن ئىككىسى شورلۇققا كېتىپتۇ... روزىكامنىڭ سوزى تۈگىمەي، يۇلغۇن بېسىلغان بىر ھارۋا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئۇنىڭدىن قادىر بىلەن تالىپ چۈشتى.

— پاھ ئوغلۇم... ئاتاڭنى ئوتۇنغا باي قىلىدىكەنسەن - دە، — دېدى روزىكام تالىپنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ.

— قانداق، شورلۇقنى كوردىڭىزمۇ؟ — دېدى گۈلباھار تالىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— كوردۇم، ئاجايىپ يەر ئىكەن، — دېدى تالىپ، — شورىنى يۇيۇپ تاشلىساق، نېمە تېرىسا ئۈنگىدەك.

— زادى ھوسۇل ئالغىلى بولامدىكەن؟ — دېدى گۈلباھار ئالدىراپ.

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ مايسىلىرىمىز نېمىشقا قۇرۇپ كەتتى... — دېدى بىر ئاز غەمكىنلىشىپ گۈلباھار.

— تېخنىكنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، بىز نۇرغۇن ئىشلارنى چالا، خاتا قىلىپتىكەنمىز، — دېدى قادىر گۈلباھارنىڭ كوڭلىگە ئارام بېرىپ.

— شۇنداق، شورلۇقنى يۇيۇشتا سىلەرنىڭ ئىلمىي تەجرىبەڭلار كەملىك قىلىپتۇ. ئىشنى قايتىدىن باشلايمىز.

تالىپنىڭ سوزلىرى گۈلباھارغا كۈچ بېغىشلىدى. ئۇ خوشال



لىقىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي، تالىپنىڭ قوللىرىنى قاتتىق قىسىپ:

— ئىشنى قاچان باشلايمىز؟ — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ئاۋال قىلىنغان ئىشلاردىن بىر خۇلاسە چىقىرايلى، ئالدىن ئىشنى كېچىكتۈرمەيمىز.

خېلىدىن بېرى پاراڭغا ئارىلاشماي بىر چەتتە جىم ئولتۇرغان روزىكام بىردىنلا سوزلەپ كەتتى:

— "مېلى يوق دەپ ئەردىن قاچما، چوپى يوق دەپ يەردىن" دەپتىكەن. ھەممە نەرسە جاپا - مۇشەققەت، تەر تۆكۈش بىلەن بارلىقدۇ. بۈگۈنكى مەجلىستىمۇ ئابت شۇجى مۇشۇ ئىش ھەققىدە كوپ باش قاتۇردى، ياخشى يوليورۇقلارنى كورسەتتى. ئەمدى بىلىمىز، باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك! قېنى جۈرۈڭلار، ئويگە كىرەيلى. تاماق تەييار بولدى، موماي كايىمىسۇن...

★

قۇياش نەيزە بويى ئورلەپ شورلۇق دەشتىنىڭ ھاۋاسى قىزىشقا باشلىغاندا، ئالا توپاقلىق ھارۋىدىن چۈشكەن ئۈچ كىشى ئېتىز بېشىغا كېلىپ توختىدى.

تالىپ قايتا شورلىنىپ ئاۋالقىدەكلا تاپ - تاقىر بولۇپ قالغان يەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئېتىز - قىرلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە ئوسۇپ قالغان ئىككى - ئۈچ تال چوپىنى قولىغا ئېلىپ، دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپ:

— ئاتا، بۇ خىل ئوتلار قانداق يەردە ئوسىدۇ؟ — دەپ سورىدى روزىكامغا قاراپ.

روزىكام يەردىن ئالغان بىر سىقىم تۇپراقنى ئۇۋۇلاپ، تىلىغا



www.uyghurkitap.com

تەككۈزدى، كېيىن تالىپنىڭ قولىدىكى چوپىنى ئېلىپ، بىر يىلتىزىغا، بىر يوپۇرمىقىغا قاراپ دېدى.

— بۇنداق ئوتلار تۇز - شورلىرى كۆچىسىز يەردە ئوسىدۇ ئوغلۇم. بۇ تۇپراقنىڭ شور قۇۋۋىتى خېلى كېتىپ قاپتۇ.

— توغرا، — تالىپ بىردىنلا گۈلباھارغا قاراپ، — شورلى قانداق يوغان ئىشىكلار! — دەپ سورىدى.

— ئۈستىدىن سۇ ئېقىتىپ.

تالىپنىڭ قاپ - قارا قوشما قاشلىرى چىمىرلىپ، كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن گۈلباھارغا قاراپ ۋەزمىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەر مۇنداق ئىشلارنى خاتا قىلغان، بىرىنچى، سىلەر ئېقىتقان سۇ يەرلىنىڭ شورىنى يالاپ كەتكەندىن كېيىن تۇپراق تەركىۋى بۇزۇلۇپ، ئاستىغا سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان قىلىپ قويغان. نەتىجىدە، يەر قېتىپ، شورتاڭ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئېقىتمىش يولى بىلەن شور يۇيۇش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. سۇنى تەكشى سىڭدۈرۈش لازىم. ئىككىنچى، سىلەر سۇنى ئارقا - ئارقىدىن سۇرۇپ قويماي، شورلۇقتىكى تۇزلار 10 - 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇققا ئېقىپ چۈشۈش بىلەنلا قانائەتلىنىپسىلەر، نەتىجىدە، بۇغدايىنىڭ يىلتىزى تۇز بىلەن زەھەرلىنىپ قۇرۇپ كېتىپتۇ.

— يەرنى قانداق سۇغارغان ئىدىڭلار؟ — دەپ يەنە سورىدى تالىپ.

— ئادەتتىكى بۇغدايلارغا ئوخشاش، — دەپ جاۋاپ بەردى قادىر.

— سۇ قويۇشتىمۇ يېڭىلىكەنسىلەر، ئەسلىدە، شورى يۇيۇلغان يەرلەرگە يېتەرلىك مىقداردا كۆپرەك سۇ قويۇلىدۇ. ئەگەر



ئۇنداق بولمىغاندا، تۇپراق تېزلا قۇرۇپ قالىدۇ. نوسۇملۇك سۇنى خالىغانچە ئالالمايدۇ. نەتىجىدە، يەر ئاستى سۇلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭدىكى تۇزلارنىڭمۇ يەر يۈزىگە چىقىشى كۆچىيىپ، تۇپراقتا قايتا شورلىنىش پەيدا بولىدۇ. بۇ يەرمۇ مۇشۇنداق بولغان...

تالىپنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان روزىكام گۈلباھارغا قاراپ سۆزلىدى:

— توغرا، سىلەر دەرەخنى يىقىتقانۇ، لېكىن يىلتىزىنى قىرقىمىغان. ئاخىر يەنە كوكلەپ چىققان، — روزىكام بىر ئاز ئويلىنىپ داۋام قىلدى، — سەنمۇ بىرنەرسىنى ئۇنتۇدۇڭ ئوغلۇم، بۇ يەرلەرگە چوڭقۇر زەيكەش قېزىش لازىم.

— توغرا، توغرا... — دېدى تالىپمۇ تەكىتلەپ، — زەيكەش قېزىلغاندا يەر ئاستى سۇلىرى تۇپراقنىڭ ئۈستىگە چىقالمايدۇ.

بۇ ئۈچ ئاتا - بالا كەچ كىرگىچە شورلۇقنى ئايلىنىپ، ئۇرغۇن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۈتۈن شورلۇقنىڭ يىللاردىن بېرى ئوز باغرىدا يوشۇرۇپ ياتقان مۆرەككەپ سىرلىرىنى ئېچىپ، قاش قارايغاندا يېزىغا قايتىشتى.

## V

شورلۇق دەشتتە قايناق ھايات ساداسى بىلەن ھالال مېھنەت شاۋقۇنى يەنە تەنتەنە قىلدى...

يۇرۇنقى بىر چېدىر ئورنىغا ئۈچ چېدىر ئورنىتىلدى. خۇددى پۈتۈن گۈلشەن ئاھالىسى بۇ يەرگە كوچۇپ چىققاندەك، جەڭگىۋار روھ، ئوتلۇق كۈرەش ساداسى پۈتۈن دەشتلىكنى

زىلزىلىگە كەلتۈردى...

توت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئوجۇمغا ئۆتكەن گۇرۇپپىلار ئارىسىدا ئۆزئارا مۇسابىقە قىزىپ كەتتى. ئىككى كۈنلۈك ئەمگەكتىن خۇلاسە چىقىرىش ۋاقتىدا، سالى گۇرۇپپىسى بىلەن رەيھاننىڭ گۇرۇپپىسى «زەربىدار گۇرۇپپا» دىگەن كۆچمە قىزىل بايراققا ئىگە بولۇپ، باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ ئۈگىنىش ئۈلگىسى بولدى. كىيىنكى باھالاشتا قادىر بىلەن «بوز بۇلبۇلى» نىڭ گۇرۇپپىسى ھەممىدىن ئۆزۈپ، ئۈچ كۈنلۈك نورمىنى بىر يېرىم كۈندە ئورۇنلاپ قويدى.

جەڭنىڭ شۇنداق بىر قىزىغان پەيتىدە يېزا تەرەپتىن گۈرۈلدەپ چىققان بىر ئاۋاز ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. موتور ئاۋازى يېقىنلاپ، چوڭ «MN—54» تىراكتورىنىڭ ئەينەكلىرى قۇياش نۇرىدا چاقناپ، يەر - زىمىننى تىترەتكۈدەك زور بەستى بىلەن ئىش مەيدانىغا يېقىنلاشقاندا، پۈتۈن جەڭچىلەر قوراللىرىنى ئىگىز كوتىرىپ: ئالا - چۇقان سالغىنىچە يول ئۈستىگە يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

تىراكتور توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان ئابىت شوجى ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ھاياجان - تەنتەنە بىلەن داۋالغۇپ تۇرغان ئىقىمىغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ، كوتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن سوزلىدى:

— پارتكوم نامىدىن سىلەرنىڭ بۇ يۈكسەك روھ - ئىرادەڭلارنى ئالقىشلايمەن! بۇنداق ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن دەشتىن ئەمەس، تاشتىنمۇ ئاش ئالغىلى بولىدۇ. مانا سىلەرگە كۆكشى پارتكومنىڭ ياردىمى! — دىدى قولى بىلەن تىراكتورنى كورسىتىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# VI

... كۆمۈشتەك ئايدىڭ كېچە.

ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، جەڭچىلەرنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. چۈنكى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ خوشاللىق كۈنى. پۈتۈن جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكى ھالال مېھنەتنىڭ زور تەنتەنىسى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. شورلۇق دەشت مەغرۇر قەددىنى پۈكتى. كىشىلەر ئۇنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ، ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە باشلىدى. روزىكامىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يېڭى ئېچىلغان بىنامىنىڭ يېرىمىغا قوغۇن، يېرىمىغا قىچا تېرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جەڭچىلەر بۈگۈن ئادەمنىڭ قەلبىنى سېھىرلىگۈچى تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل كېچىسىدە ناخشا توۋلاپ، ساز چېلىپ... شورلۇق دەشتنىڭ يېڭى ھاياتىنى يۈرەك تارلىرىنىڭ جاراڭلىق، شوخ ناۋاسى بىلەن تەبرىكلىمەكتە ئىدى...

قادىر بىلەن گۈلباھار چېدىردىن يىراقلىشىپ يۇقۇرى قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «بوز بۇلبۇلى» نىڭ راۋاپقا تەڭكەش ئېيتقان ناخشىسى ياڭرىدى:

قوغۇن تېرىدۇق بوزغا،
كۆزدە كېلىپ كورەرسىز.
توككەن تەرنىڭ مېۋىسىنى،
شۇ چاغ تېتىپ بىلەرسىز.

گۈلباھار بىلەن قادىر بىر - بىرىگە قارىشىپ ئىللىققىنا كۈلۈشۈپ قويدى.

— نېمە دېگەن گۈزەل كېچە... — دېدى قادىر ئۆزىچە ھاياجانلىنىپ.

— بۇ گۈزەللىكنى ياراتقانمۇ بىزنىڭ مېھنىتىمىز...

— توغرا، — دېدى قادىر تەستىقلاپ.

بۇلار تارغىنا قىر يوللىرىدا بىر-بىرىگە يانداشىپ مېڭىپ، يېڭى ئېچىلغان ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ يۇمشاق، نەم تۇپراقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى. بۇلارغا مەسلىكى كەلگەندەك، كۈلۈپ تۇرغان تولۇن ئاينىڭ سىماپتەك نۇرى گۈلباھارنىڭ يۈز-كۆزلىرىدە جىلۋىلىنىپ، ئۇنىڭ باھار غۇنچىسىدەك يېقىملىق ھۆسنىنى يەنىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى...

قادىر قولىدا ئويناپ ئولتۇرغان بىر تال چالمىنى ئۆستەڭگە تاشلاپ گۈلباھارغا قارىدى، قارىدىيۇ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا قىز ئەمەس گويا ئەنە شۇ ئاسماندىكى تولۇن ئايدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر پارچە نۇردەك گۈزەللىك شاھى ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم گۈلباھارنىڭ چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى.

— گەپ قىلىڭ قادىر... — دېدى گۈلباھار قادىرنىڭ كۆزىدىكى ئوتلۇق ھارارىتىگە چىداش بېرەلمەي ئاستا يەرگە قاراپ.

— نېمە دەپ؟ — پەرۋاسىزلا جاۋاپ بەردى قادىر.

گۈلباھار نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر پەس جىم بولۇپ قالدى، كېيىن:

— ئېيتىدىغان سۆزلىرىڭىز يوق ئىكەن-دە، قادىر؟ — دېدى.

بۇ سوئال قادىرنىڭ تىلىغا جان بەردى. ئۇ بىرئاز تېتىكلىنىپ:



— سۆزۈممۇ... ئېيتىدىغان سۆزلىرىمغۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى، لېكىن... — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ھە، نېمىسى «لېكىن؟» — ئەگىلەپ سورىدى گۈلباھار.

— ئەمىسە... ئېيتاي، خاپا بولمايسىز-ھە؟

— خاپا قىلىش ئۈچۈنلا ئېيتسىڭىز، ئەلۋەتتە خاپا بولىمەن.

— مانا شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭمۇ سىزنى ھەرگىز خاپا قىلغۇم كەلمەيدۇ...

— ماقۇل، ئېيتىڭ، خاپا بولمايمەن.

قادىر گۈلباھارنىڭ ئۇششاق بارماقلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، يەرگە قارىغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— گۈلباھار... توينى قاچان قىلىمىز؟

گۈلباھار ئۇيالغىنىدىن قولىنى قادىردىن تارتىۋالدى.

— ماڭا قىلىدىغان گېپىڭىز شۇمىدى؟ — دېدى ئۇ نازلانغاندەك قادىرغا قىيغاچ قاراپ.

— ئېيتىڭا، گۈلباھار، راستىنلا توينى قاچان قىلىمىز؟ — قادىر تېخىمۇ كۈچەپ، گۈلباھارنىڭ چىنىققان بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى.

گۈلباھار ئەمدى ئىلاجىسىز قالغان ئىدى. ئۆزىنىڭ بىكاردىن گەپ تېپىپ قويغانلىقىغا پۇشايمانمۇ قىلدى. ئاخىر ئۇ، قادىردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى پەملىدى-دە، قادىردىن يۈزىنى ئۆرۈپ ئاستا سىۋىرلىدى:

— بال چىقىپ، ماي پىشقاندا...

قادىر قانداقتۇر بىر غايىۋانە كۈچ بىلەن ئىختىيارسىز گۈلباھارنى ئۆزىگە تارتتى...

قۇياش ھارارىتىدەك ئىسسىق، پاك لەۋلەر بىر-بىرىگە چاپلىشىپ يۈرەكنىڭ تېپىشماقلىق سىرلىرىنى يېشىپ تاشلىدى...

# VII

گۈلشەننىڭ ياپ - يېشىل ھوسنىگە ئالتۇن زەر بىلەن كە.
تە باسقۇچى ئاۋغۇست ئايلىرىغا كەلگەندە، مىسقاللاپ تەر سىڭ
گەن شورلۇق كوكسىدىن پاتمانلاپ شەرۋەت ئېقىشقا
باشلىدى...

شورلۇق دەشتكە تېرىلغان قوغۇن، قىچىلار خېلى ئوخش
دى. ئارقا - ئارقىدىن قىيام بولۇپ تۇرغان ئاقناۋات، كوكنا
ۋاتلارغا بىر قېتىم ئېغىز تەگكەنلەر: «مېھنەتنىڭ مۆۋىسى ش
رىن دېگەن مانا شۇ!» دەپ بىرنەچچە كۈن تىلىنى
تامشىيتتى...

تۇنجى قېتىم گۈلباھارنىڭ قولى بىلەن ئۈزۈلگەن ئاقناۋاتقا
بىرىنچى بولۇپ ئېغىز تەككەن روزنىكام بۇ شىرىن - شەربەتكە
ھەققەتەنمۇ قايىل قالدى. شۇنىڭ بىلەن شورلۇق دەشتكە
«شېكەر باغ» دەپ نام قويۇپ بەردى.

بۇ كۈنلەردە قادىر بىلەن گۈلباھار ئۆز ۋەدىلىرى بويىچە
تەنتەنىلىك كۈنلەرگە ئالدىرايتتى. قادىر گۈلباھارنى ھەر بىر
قېتىم كورگەندە:

— گۈلباھار، مانا بالمۇ چىقىپ، مايمۇ پىشتى: بىزمۇ
ئەمدى بالدىن رىشاللا، مايدىن پولو ياسىمايمىزمۇ؟ — دەپ
قىستاشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئوتمەي بۇلار تەققەززالىق بىلەن كۈتۈپ
كەلگەن تويمۇ بولۇپ ئوتتى...

گۈلسۇم ھەدىمۇ «ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا يالغۇز قىزى»، «ھا.
ياتىنىڭ يورۇق چىرىغى» بولغان گۈلباھارنىڭ تويىنى ئورا



قولى بىلەن قىلىپ ئارزۇ - ئارمانغا يەتتى. ... ئالدىغا
ئۇچرىغانلارغا:

— ... مانا ئەمدى قىزىمنىڭ بەختىنىمۇ كوردۇم. ئۇنىڭ ...
كوردۇم. قادىرمۇ، گۈلباھارمۇ ئەمدى ئۆز بالام! بىرىنى بېشىم...
سەللە قىلىپ ئورايمەن، بىرىنى تاج قىلىپ قادايمەن...، —
دەپ ئوز - ئوزىدىن خوشاللىناتتى.

قادىر تويىنىڭ كەلدى - كەتتىسى تۈگەپ بىرەر ئاي
ئوتكەندە، گۈڭشې پارتكومىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە، شەھەر-
دە ئېچىلغان «قىسقا مۇددەتلىك تىراكتورىستلار كۇرسى»غا
ئوقۇشقا كىرىپ كەتتى...

1963 - يىل مارت. ئۈرۈمچى

❀❀❀❀❀❀❀



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

# ئازات زامانىمىدىن ئايلىناي

7 - ئاينىڭ بىر ئوچۇق ئەتىگىنى ئۇرۇمچىدىن چىققان يولۇچىلار ئاپتوموبىلى چۆش مەھەل بىلەن داۋ نىچىگىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەمدى جىرلايمىز، جەكەن، قېنى دوستۇم، ئۆزەڭ بىر باشلا، — دەپ مۇراجەت قىلدى بىر يىگىت ھەمراسىغا قاراپ.

قازاقچە شوخ ناخشا باشلىنىپ، ماشىنا ئىچى خۇددى توي تويلاپ كېلىۋاتقاندەك ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى. نىمە ئۈچۈندۇر «جەكەن» دىگەن ئىسىم ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن جەكەننىڭ يېنىدىراق ئولتۇرغان ھەربى كىشىنىڭ ئەتىگەندىن بېرىكى خۇشچاخچاق، مۇلايىم چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈپ، قارامتۇل قوي كۆزلىرى ئاللىقانداق يوشۇرۇن بىر مۇڭ بىلەن تىنىشقا باشلىدى.

ماشىنا تالاي يوللارنى ئارقىغا تاشلاپ، ئۆزۈك - ئۆزۈك سايلاردىن غۇيۇلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

تونۇردەك قىزىغان كۈننىڭ تەپتى ماشىنىدىكىلەرنى بوشاشتۇردىمۇ، بىر ھازادىن كېيىن بىرىنىڭ قۇچىقىغا بىرى باش قويۇپ، ھەممەيلەن ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. پەقەت جەكەن بىلەن ھىلىقى ھەربى كىشىلا يىراقلارغا كۆز تىككە



نىچە ئولتۇرۇشاتتى. پات - پات يەر ئاستىدىن جەكەننى كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي دىگۈدەك قاراپ ئولتۇرغان ھەربى ئىنىشى توساتتىن جىملىقنى بۇزدى.

— «مىڭىنىڭ چىرايىنى تونۇغىچە بىرىنىڭ ئىسمىنى بىل» دەپتىكەن، — دەپ سوز باشلىدى ئۇ، — ئىسمىڭىز جەكەن ئىكەن، پەملىگىنىز نىمە؟

پەملەم جۇ، ئىسمىم جۇپىك، ھە، بەزىدە جەكەن دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

نىمىشقىدۇ بۇ جاۋاپتىن كېيىن ھەربى كىشىنىڭ چىرايى غەلىتىلا سۇرلۇنۇپ، غايىۋانە بىركىم بىلەن سوزلەشكەندەك ئۆز ئىچىدە سىۋىرلىدى: «جەكىنىم... جىگىرىم... ئۇرۇق - ئەۋلادىمدىن قالغان نىشانەم ئىدىڭ، يوقالغىنىڭچە بوق بولدۇڭ...»

ھەربى كىشىنىڭ بۇ ھالىتى جەكەننى ھەيران قالدۇردى:

— نىمە بولدى سىزگە، بەك خىيال سۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

— ھە، ئوتكەن ئىشلار ئېسىمگە چۈشۈپ كەتتى، — دىدى ھەربى كىشى پەرۋاسىزلا ۋە بىرئاز جىملىقتىن كېيىن بىردىنلا جىددىيلەشتى:

— «ئادەم سوزلىشىدۇ، يىلقا كىشىنىشىدۇ» دەيدۇ بىزدە، بىلىشكە قىزىقىسىڭىز، مېنىڭ ئىسمىم مەكەن، مېنىڭمۇ بىر چاغلاردا جەكەن دەيدىغان ئىنىم بولىدىغان، لېكىن بىز تىرىك تۇرۇپ ئايرىلغان ئىدۇق. بۇنىڭغا تالاي يىللار بولدى. سۇرۇشتۇرسام، كىچىكىدىلا ئولۇپ كەتكەن دىيىشتى. بىر تۇرۇپ ئويلايمەن: ھاياتتۇ، ئاسماننىڭ ئاستى كەڭغۇ، بىر يەرلەردە يېزىردىغاندۇ بەلكى...

جەكەن ئۆز ھەمراسىنىڭ كوڭلىنى كوتىرىش ئۈچۈن ھەر

خىل سۆزلەرنى قىلدى ۋە ئاخىرى يول-ۋوقسىلار رەسمىيىتىگە كۆچتى:

— قەيەرگە بارىسىز؟

— بارىكۆلگە.

— مانا، بىر يەرگە بارىدىكەنمىز، نىمىدىگەن ياخشى، — دېدى جەكەن خۇشاللىنىپ.

— ئائىلىڭىزدە كىملەر بار؟ — سورىدى مەكەن خىيالەن يۇمۇلغان كۆزلىرىنى جەكەنگە ئاغدۇرۇپ.

— ئاتام، ئانام ۋە بىر سىڭلىم بار، ئاتام "قىزىلنۇغ" دادۇينىڭ شۇجىسى، — جاۋاپ بەردى جەكەن ۋە مەكەنگە ياندۇرۇپ سوئال بەردى:

— سىزنىڭچۇ؟

— ئىككى بالام بار، مەن دەم ئېلىش ئۈچۈن تۇغۇلغان يۇرتۇمنى، ئۇرۇق - تۇققانلىرىمنى كۆرگىلى كېتىپ بارىمەن...

شۇ چاغدا ماشىنا بىكەتكە كېلىپ توختىدى. يولۇچىلار تارقىشىپ تاماققا كېتىشتى. مەكەن بولسا، نىمە ئۈچۈندۇر شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ خىيالىدىن "جەكەن" ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يۈرىكىگە ئۆچمەس داغ سېلىپ كەتكەن ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق ۋەقە تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

★

1946 - يىلنىڭ دەھشەتلىك قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى. قاش قارايغان مەھەلدە كىچىككىنە يېزىدا "دارىسىن كەپتۇ،



ئەسكەر تۇتقىدەك» دېگەن شۇم خەۋەر تارقىلىپ كەتتى. كەمبەغەللەر ئۆز بېشىغا كېلىدىغان بالايى - ئاپەت، ئوتتۇرىلىقنىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە ئويلاپ، يۈرەك - باغرى ئېزىلەتتى.

ئەسكى - تۈسكى كىگىزلەر بىلەن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن جۇل - جۇل، ۋەيرانە كىچىككىنە قارا ئۆينىڭ ئىچىنى پۈتۈنلەي مۇڭ - قايغۇ، يوقسۇزلۇق غېمى باسقان ئىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا بىر پارچە ئەسكى ئېرىنىڭ ئۈستىدە ئىترەپ ياتقان ئايالنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— جەكەن... ھوي جەكەن، ئوتنىڭ يورۇقىنى چىقارغىنا قوزام، كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ.

دالىدىن ئېرىپ كەلگەن ھول چاۋانى تۇتاشتۇرالماي، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ كەتكەن بەش ياشلار چامىسىدىكى گۆدەك بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئوتنى پۈۋدەشكە باشلىدى. ئوت ئاھايىتى تەسلىكتە ياندى، ئوتنىڭ كۈچسىز تەپتى كىچىككىنە جەكەننىڭ كۆينەكسىز، ئورۇق تېنىنى بىرئاز ئىسسىتتى، ئەمدى ئىككىنچى بىر دەرت جەكەننى ئازاپلاشقا باشلىدى، ئاچلىق!...

— ئانا،... قورسىقىم ئېچىپ كەتتى...

ئانا ئوغلىنىڭ دەردىگە ئاچچىق كۆز يېشى بىلەن جاۋاپ قىلدى.

— ئاھ، خۇدا... شۇنچىمۇ رەھىمسىز بولارسەنمۇ، گادايلىرىڭنى ئىرىك تۇرغۇزۇپ بۇنچە قىينىغىچە، ئامانىتىڭنى ئالساڭ بولمامدۇ؟! بىرلا باش پاناھىمىزدىنمۇ ئايرىدىڭ!...

ئانا قاتتىق بىر يوتەل بىلەن تۇنجۇقۇپ كەتتى.

ئانا شۇ قىشتا باينىڭ ماللىرىنى قوغدايمەن دەپ قارلىق تاغدا ۋاقىتسىز ئۆلگەن ئېرىنىڭ قايغۇسى ۋە مانا

شۇ يوقسۇل تۇرمۇشنىڭ تاغدەك بېسىمىدا بۇلدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئېغىر سىل كېسىلى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىدى.

شۇ پەيت ئۆيىگە بۇ ئائىلىنىڭ ئەمدىكى بىردىن-بىر سۆيۈنگەن تېغى، بەختسىز ئانىنىڭ تۇنجى پەرزەنتى 21 ياشلار چامىسىدىكى مەكەن كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەن جەكەننىڭ قايغۇسى يوقالغاندەك بولدى ۋە نۇرسىزلانغان كۆزلىرى بىلەن ئاكىسىنىڭ قوللىرىغا تەلمۈردى. مەكەن ئاستا يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر پارچە قۇرۇتنى ئالدى-دە، ئۇ كىسىغا سۇندى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك خۇددى بوران سوققاندەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۆيگە ئاۋۇل ئاقساقىلى ساربايىنىڭ چوماقچىسى بىلەن ئىككى چېرىك كىرىپ كەلدى.

— بەختىڭ بار ئىكەن يىگىت، — دېدى چوماقچى قولىدىكى قوش تىللىق قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — دارىن جاڭپىلىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا ئېلىنىدىڭ، مانا ئەمدى ئاغزىڭ مايدىن، قۇيرۇغۇڭ تايدىن قۇرۇمايدۇ.

بۇ سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلىقىنى بىلگەن مەكەننىڭ پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئانىسىغا، بىر ئۇكىسىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرى مۆلڭ ياشلىرىغا تولدى. ئۇ، ئاخىر تىك تۇرۇشقا مادارى قالمىغاندەك «ئانا» دېگىنىچە ھاياتى قاش-كىرپىك ئارىسىدا قالغان ئانىسىغا تاشلاندى.

— ئوغلۇمنى تېچ قويۇڭلار... — دېدى ئانا ھالسىز ئاۋاز بىلەن يىغلاپ، — بۇنى ئېلىپ كەتسەڭلار كىچىككىنە بالا



بىلەن مەن قانداق قىلىمەن، رەھىم قىلىڭلار!

— تولا كاپشىما! — دېدى چوماقچى قامچىسىنى ئوينىتىپ، — تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈڭ قالغاندا، ئۆزەڭ تېچ يات! — ئۇ يېنىدىكى ئىككى چېرىككە ئىشارەت قىلدى. چېرىكلەر تەڭلا مەكەنگە ئېتىلدى. لېكىن مەكەن بىر يۇلقۇنۇش بىلەن چېرىكلەرنىڭ قولىدىن چىقتى.

— باغلاڭلار خۇمپەرنى! — دېدى چوماقچى ۋە ئۆزىمۇ ھاردەملىشىپ مەكەننى باغلاشقا كىرىشتى. ئۆي ئىچىنى ئانا بىلەن بالىنىڭ يىغا-زارىسى قاپلىدى.

— ئاھ ... يالغۇزۇم ... سەندىنمۇ ئايرىلدىم ... ماڭلىيىمدىكى يورۇق يۇلتۇزۇم ... — ئانا ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن قولىنى يەرگە تىرەپ بېشىنى كۆتەرگەن ئىدى، بىردىنلا كۆڭلى ئايىنىپ، ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان كەتتى...

★

ماشىنا تۆتىنچى كۈنى كۈگۈم ۋاقتى بىلەن بارىكۆلگە يېتىپ كەلگەندە، جەكەن ئائىلىسى ئەۋەتكەن ئاتقا چامدانلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىدىن ئون-يىگىرمە قەدەم نېرىدا سومكىسى بىلەن چاپىنىنى يەلكىسىگە سالغىنىچە ئاچچىق-ئاچچىق تاماكا چېكىپ تۇرغان مەكەننىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۆيىگە چىقىپ تۆت-بەش كۈن تۇرۇپ كېلىشىنى تەكلىپ قىلدى.

— رەھمەت ئۇكا، — دېدى مەكەن، — بۈگۈنچە مېھمانخانىدا يېتىپ، ئەتىگىچە ئۇرۇق-تۇققانلارنى تېپىۋالارمەن، خەير، سالامەت بولۇڭ!

— يۇرۇك، ئۇنداق قىلماي، مېھمانخانىدا ياتقىچە بىزنىڭ ئۇيدە يېتىڭ، ئانچە يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنلا، ئاتمۇ تەييار، — دېدى جەكەن مەكەننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ.

— رەھمەت، رەھمەت ... — دېدى مەكەن ھەمراسىنىڭ مېھرى - شەپقىتىگە مىننەتدار بولۇپ، — ئاۋارە بولماڭ.

— يۇرۇك، نىمىدىن تارتىنىسىز، قازاقلاردا "چاقىرغانغا بار، چاقىرمىغاندىن قاچ" دەيدىغان گەپ بارغۇ، يۇرۇك!

مەكەن ئاخىرى رازى بولدى.

★

مەكەننىڭ جۇشۇجى ئائىلىسىدە تۇرغىنىغا مانا ئىككى كۈن بولۇپ قالدى.

بۈگۈن مەكەن سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتى. دېرىزىدىن يورۇپ كېلىۋاتقان تاڭنىڭ سۇپ - سۈزۈك شولىسى يېيىلىپ چۈشۈپ، ئۇينى يورۇتۇشقا باشلىغان ئىدى. مەكەن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى ۋە يىراق - يىراقلارغا كوز تىكتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئىگىز تاغ تىزمىلىرى، ئۇنىڭ مەخمەلدەك ئېتەكلىرىدە يايلاپ يۈرگەن سانسىز قوي - كالىلار، تىنىك جىرالاردىن جۇشقۇنلاپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت سۇلار، بەختىيار چارۋىچىلارنىڭ يايلاقتىكى قىقاس - چۇقانلىرى... بىر - بىرلەپ ئوتۇشكە باشلىدى. ئۇ ئوزى تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئاۋۋىلىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئوز ئاۋۋىلىدىن ئايرىلىپ تۇتقۇنلۇقتا يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ، تۇتقۇنلۇقتىن قېچىپ مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلغان چاغلىرىدىمۇ ۋە كېيىنمۇ ئوز ئاۋۋىلىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ



ئاۋۋىلى قانداق ئوزگىرىپ كەتكەندۇ! مانا شۇ [illegible]ھەيبەت ئاخىرى ئۇنى ئوز ئاۋۋىلىغا باشلاپ كەلمەكتە ئىدى. „ئەمدى قايتىش كېرەك، جۇشۇجىغىمۇ كوپ رەھمەت. ئۇنىڭ [illegible] مىغان ئىشىكىمۇ شۇنچە مېھرى - شەپقەت قىلدى.“ مەكەن ئويگە كىردى. بىر ئازدىن كېيىن ئەتىگەنلىك تاماقتا ئۇلگۇرۇپ جۇشۇجىمۇ ئىشتىن قايتىپ كەلدى. بۇلار تاماقلانغاندىن كېيىن مەكەن قىلۋى تام تەرىپكە ئېسىلغان رەسىملەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇ رەسىملەرنى كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم كورۇش مەكەننىڭ ئادىتى بولۇپ قالغان ئىدى. رامكا ئىچىدىكى جۇپىلىگىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى ھەر بىر قارىغاندا، ئۇنىڭغا باشقىچە مېھرىلىك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن، يۈزلىرىدىن ئوزىگە نىسبەتەن ئاللىقانداق بىر يېقىنلىق سېزەتتى.

— رەسىمگە بەكلا قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟ — سوراپ قالدى چاي ئىچىپ ئولتۇرغان جۇشۇجى.

— ھە، ئوغلىڭىزغا قەۋەت مەسلىكىم كېلىۋاتىدۇ. ئالتۇندەك يىگىت بوپتۇ - دە، قازاقچىنىمۇ ئاجايىپ ياخشى سوزلەيدىكەن ئەمەسمۇ.

— قازاقچە ئوزىنىڭ ئانا تىلى تۇرسا...

— ھە؟ ئۇ قازاقمۇ؟

— شۇنداق، قازاق، — دېدى جۇشۇجى پەس ئاۋاز بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— جۇشۇجى! ... بۇ قازاق بالىسى قانداقچە سىزنىڭ بالىڭىز بولۇپ قالغان؟

جۇشۇجى بېشىنى كوتىرىپ ئېغىر بىر تىنىدى ۋە ئاستا دېدى:

— بۇ ئىش بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن بىر سىر ئىدى، سىز بۇنى سوراپ قالدىڭىز، ئەمدى ئېيتمىسام ئاچماسلىققا ئىلاجىم يوق...

★

1947 - يىلنىڭ ياز ئايلىرى. قىپ - قىزىل قاندەك كوتلاۋۇق قۇياش يۇقۇرى ئۆرلىگەنسىرى، ئۇنىڭ ئىسسىق تەپتى ئاقتاش ئاۋۇلىنىڭ (بۇ مەكەننىڭ ئاۋۇلى ئىدى) بىر چېتىدىكى كۆچمەنلەر كولاپ تاشلاپ كەتكەن ئوچاق ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتقان 6 ياشلىق بالىنىڭ يالىڭاچ تېنىنى قىزىتىشقا باشلىدى. بالا ئويغاندى - دە، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن ئۇ ئەتراپقا قاراش بىلەن تەڭلا قورقۇپ كەتتى، نە بىر قىمىرلىغان جان، نە بىر ئۇچقان قۇش كۆرۈنمەسە! پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت، سۈرلۈك ئىدى. بالا ئۇياققا يۈگۈرۈپ، بۇ ياققا يۈگۈرۈپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا يىراقتىن ئۇدۇل قاراپ كېلىۋاتقان بىر ھارۋا كۆرۈندى. ھارۋىنى كۆرۈش بىلەنلا بالىنىڭ يىغىسىمۇ ئاستا - ئاستا پەسلىدى، لېكىن ھارۋىدىن چۈشۈپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر خەنزۇنى كۆرۈش بىلەن بالا قورقۇپ ئارقىغا قارىماي قېچىشقا باشلىدى.

— بالا ... ھەي بالا ... توختا ... قورقما ...، — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى ھارۋىكەش خەنزۇ.

پۈتۈنلەي چارچاپ ھالسىراپ كەتكەن بالا ئالدىدىكى ئېرىقتىن ئاتلايمەن دەپ پۈتلىشىپ ئېرىققا يىقىلىپ كەتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن ھارۋىكەش بالىنى ئېرىقتىن چىقىرىپ كو-



لىرىۋالدى - دە، يۈز - كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ، ھارۋا يېنىغا ئېلىپ كەلدى، بالىنىڭ بىرئاز ئۆپكىسى بېسىلىپ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ... ھارۋىكەش بالىنى باغرىغا باسقىنچە ئاۋۇلنىڭ خۇددى ئۇرۇش خارابىسىدەك ۋەيرانە نىباپەتكە كۆز سالدى. تېخى تۈنۈگۈنلا ھارۋىكەش بېسىپ ئۆتكەندە، ھايات قايناپ تۇرغان بۇ يەر بىر كېچىنىڭ ئىچىدە گورىستانلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. دېمەك، بۇ يەرگە بۈگۈن كېچە ئوسمان باندىتىنىڭ قاراقچىلىرى چېپىلغان، كىشىلەر ئۆز جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن تاغ ئارقىسىغا كۆچۈپ كەتكەن. ھارۋىكەش ئۆز قۇچىقىدا تېخىچە ياتسىراش بىلەن چۆچۈپ تۇرغان بالىغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارىدى - دە، بالىنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلىدى ۋە:

— مانا بۇنى يېگىن ئوغلۇم، — دەپ يېنىدىن بىر تال پىششىق قېزىنى ئېلىپ بەردى.

— ئاتاڭ بارمۇ؟ — سورىدى ھارۋىكەش بالىدىن.

— يوق.

— ئاناڭچۇ؟

— يوق، ھېچكىمىم يوق.

ھارۋىكەشنىڭ كەڭ ماڭلايلىرى پۈرۈشۈپ، ئويچان قارا كۆزلىرىدە بالىغا نىسبەتەن قاتتىق ئېچىنىش ئالامىتى پەيدا بولدى.

— يۈر ئوغلۇم، كېتىمىز! ئەمدى سېنى ھېچقاچان يالغۇز قويمايمەن...

بۇ ھارۋىكەش "چوڭقۇر يايلىقى"دا ئالتۇن قىزدۇرۇپ سودىگەرچىلىك بىلەن باش كۆتەرگەن خەن لاۋلۇ دېگەن پومىشچىكنىڭ كونا يىللىقچىسى جۇلاۋ تاغا ئىدى.

ئانچە ئۇتمەي جەكەن بىلەن جۇلاۋ تاغا راستىنلا ئانا-بالىدەك بولۇپ كەتتى. جۇلاۋ تاغا قەيەرگە بارسا جەكەننى بىللە ئېلىپ باراتتى. ئۇ ئۇنىڭ كىچىككىنە، لېكىن زېرەك ئەقلى بىلەن سىردىشىپ - مۇڭدىشىپ، ئۇزىنىڭ قايغۇلۇق كوڭلىنى ئاچاتتى. جۇلاۋنىڭ 30 نەچچە يىللىق يالغۇز، ئېغىر هاياتى ئەمدىلىكتە جەكەننىڭ مېهرى بىلەن خوشاللىنىپ، يەڭگىللەشكەندەك بولاتتى.

لېكىن جۇلاۋ تاغىنىڭ بۇ خوشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. بىر كۇنى خوجايىن خەن لاۋلۇ ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن كىم، ئۇ كىم، بىلسەڭ زەهەرلىك بىر يىلاننى ئۇز قوينۇڭدا چوڭ قىلىۋاتىسەن، ئۇنى بۇگۇنلا كوزۇمدىن يوقات!— دەپ جۇلاۋغا ئېغىر تەهدىت سالدى. ئەمدى جۇلاۋنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار ئىدى. يا جەكەننى تاشلاپ، خوجايىننىڭ سادىق قۇلى بولۇش، ياكى جەكەننى باغرىغا تېڭىپ، خوجايىندىن ئايرىلىش.

جۇلاۋ ئۇز باغرىدا هېچنەرسىدىن خەۋەرسىز شىرىن ئۇيقۇدا ياتقان جەكەننىڭ مەسۇم چىرايىغا قارىدى. تىنىك نۇرلىنىپ تۇرغان ئاي ئۇينىڭ تۇڭلۇكىدىن خۇددى بىر كۇمۇش قىلىچتەك يېرىپ چۇشۇپ، جەكەننىڭ يۇزلىرىنى ئېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئەنە، ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان قارا مونچاقتەك كوزلىرى جۇلاۋغا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ، پىستىدەك سۇزۇك لەۋلىرى نىمە ئۇچۇندۇر لىپىلداپدۇ، كۇلۇمسىرەيدۇ. جۇلاۋ يىرىك قادما قوللىرى بىلەن جەكەننىڭ يۇمران تېنىنى سىلىدى. بۇ تونۇش قوللاردىكى ئوتلۇق هارارەت بىلەن ئاتىلىق مېهرى - شەپقەتنى جەكەننىڭ ئۇيقۇدا ياتقان نېچ قەلبى سەزدىمۇ ئەتىمالىم، ئۇ، "ئاتا، ئاتا" دېگىنىچە پىانىغا ئاغدۇرۇلۇپ، جۇلاۋنىڭ



باغرىغا تېخىمۇ يېپىشتى.

"ياق، ياق! سەندىن مەڭگۇ ئايرىلالمايمەن ئوغلۇم!" — دەپ كەسكىن خۇلاسە قىلدى جۇلاۋ، — بېشىمغا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ دەهشەتلىك كۇنلىرى كەلسىمۇ مەيلى!" جۇلاۋ دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، ئوي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇز بىساتىدىكى بىر پۇتقان بىلەن كونا بىر جۇۋىنى ۋە ئۇينىڭ بۇلۇڭىغا كومۇپ قويغان 30 يىللىق ئىش هەققى — 3 تەڭگىنى ئېلىپ، جەكەننى بېتىلىگەن پېتى چوڭ - چوڭ قەدەم بىلەن خوجايىننىڭ ئۇيىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشنى بىلەلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ مەغرۇر قەدىمى هامان ئالغا ئىلگىرىلەيتتى......

— بۇ تارىخ ئەنە شۇنداق، — دەپ سوزىنى تۇگەتتى جۇشۇجى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، زور هاياجان بىلەن داۋام قىلدى، — بىزنىڭمۇ تېگىمىز ئېتىپ، بەختىمىز كۇلدى، ئۇز زامانىمىزنى تاپتۇق. جەكەننى پارتىيە تەربىيىلىدى، ئوقۇتتى، ئۇ، هازىر يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

مەكەندە تىماقچىمۇ گۇمان قالمىدى. جۇلاۋ، يەنى جۇشۇجى بالىنى ئۇنىڭ ئاۋۇلىدىن تاپقان. جەكەن هازىر دەل شۇ ياشقا كىرەتتى، مانا ئۇنىڭ يۇز - كوزلىرىمۇ خۇددى...

مەكەننىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى غايەت زور هاياجان دولقۇنىدىن زىلزىلىگە كەلدى، ئۇ ئوزىنى تۇتالماي دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە:

— جۇشۇجى!... سىز... سىزگە كوپ رەهمەت، — دېگىنىچە دەسلەپ چوڭقۇر مۇهەببەت بىلەن هەربىچە سالام بەردى، كېيىن بىردىنلا جۇشۇجىنى قۇچاقلاپ كوتىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن

گىرپىكلىرى ئاستىدىن خوشاللىق ياشلىرى ئەگىشكە باشلىغان
ئىدى...

★

ئەتىسى جۇشۇجىنىڭ ئۆيىدە گوياكى بىر بايرام خوشاللىقى
تەنتەنە قىلدى. يىراق - يېقىندىن كەلگەن خولۇم - خوشنىلار
ئۆينىڭ توردە ئولتۇرغان مەكەن بىلەن جەكەننى تەبرىكلە-
شەتتى، داستىخان ئۈستىدە بىر موماي ئۆزىنى باسالماي سوز-
لەپ كەتتى.

— ئايلىناي ... ئايلىناي ... ئۆتمۈشتە ئايرىلغاننى بۈگۈن نې-
پىشتۇرغان، قېرىغاننى ياشارتقان ئازات زامانىمدىن ئايلىناي!
پۈتۈن ئۆي - ئىچى جۇشۇجى نامىغا ئېيتىلغان ھورمەت تەشەك-
كۈرى بىلەن جاراڭلاپ كەتتى. شۇ چاغدا جۇشۇجى زور ھا-
ياجان بىلەن ھەممەيلەنگە قاراپ دېدى:

— بۇ ئاكا - ئۇكا قان قېرىنداشنى ئاداشتۇرماي، تېنەتمەي،
بىر - بىرىگە قوشقان بۈگۈنكى ئۇلۇغ زامانىمىز، پارتىيە،
ماۋجۇشى!

1963 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



# كۈرەش داۋام قىلىدۇ

## I

سەمەر دۈيجاگلىقىقا كوتىرىلىشى بىلەن تەلئەتنىڭ قاچىسىغا
ئۇغا سىلىنغانىدەك بولدى. "قاراڭ، بۇ تەلەيسىزلىكنى! تەلئەت-
نىڭ تەلىيى زادى تەتۈرمۇ؟ ئاددى ئەزا ۋاقتىدا بېشىمغا ھەر
سەۋدالارنى سالغان كىشى دۈيجاگلىق تەختكە چىققاندىن كې-
بىن نىمە ئىشلارنى قىلمايدۇ دەيسىز؟!"

تەلئەت بىر ھەپتىلىك ئىزسىز يوقىلىشتىن كېيىن مانا بۈ-
گۈن ئاخشام تۈن تەڭ بىلەن بىر دانە ئالا خۇرجۇننى يەلكى-
سىگە سالغان ھالدا مەھەللە ئىچىدە پەيدا بولدى ۋە تام
تۈۋى بىلەن بېغىرلاپ چوڭ ئەگىنلىك بىر قورانىڭ يېنىدىكى
كىچىككىنە خارابە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. لېكىن
ئۇ ئىشىكنىمۇ قاقماستىن يانغا بۇرۇلدى - دە، ھويلىنىڭ ئارقا
تەرىپىدىكى سوقما تامدىن ئارتىلىپ قوراغا كىردى. مايسىم
ئۈيقۇلۇقتا ئۇندەرەپ چىراقنى ياندۇردى ۋە تەلئەتنى كورۇش
بىلەن ھال ئۇقۇشقا باشلىدى:

— قېرىغاندا يالغۇز تاشلاپ شۇنچىمۇ يوقىلىپ كېتەمسەن
بالام... — دېدى ئۇ كوز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بۇ زامانىنىڭ
خورلۇقى بىزگىلا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. مانا ئەمدى سەمەر

دىگەن ئەبگا جىنسىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان بولدى.
— نىمە؟ سەمە، راستىنلا دۈيجاڭلىققا سايلاندىمۇ؟ — ئىشەن-مىگەندەك سورىدى تەلئەت.
— ھەئە، ئۇلۇشكۇن چوڭ مەجلىس ئېچىلىپ ھەممىسى ئۇنى ئىككى قوللاپ كوتىرىپتۇ.
بۇ سوز بىلەن تەڭ تەلئەتنىڭ بىر يېرى تۇيۇقسىز ئاغرى-غاندەك، ئاچچىققىنا بىر تولغىنىپ قويدى. گويا ئۇنىڭ كونا بىر يارىسى قايتا قوزغالغاندەك يۈزلىرى پۈرۈشتى:
— سەمەرنىمۇ كورەرمىز، بۇ زامان ئۇلارغىلا باقسۇندە ئەمەس.
مايسىم بىر ئاز ئېسىنى يىغىپ، چىراقنى مورا بېشىغا قويدى-دە، تەلئەتنىڭ يېنىدىكى ئالا خۇرجۇنغا قاراپ ئاس-تاغىنا سورىدى:
— بالام، ھىلىقىنى بىرنەرسە قىلالىدىڭمۇ؟ بىرەر پىشكەل-لىك بولدىمىكىن دەپ كوڭلۇم دەككە-دۈككىدە قالدى.
— خۇداغا شۈكۈر، لېكىن بىرئاز ئاۋارىچىلىق بولدى.
— قانداق؟ — مومايىنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
— يول ئاۋارىچىلىقى. بازاردا ئىش ئەپلەشمەي، ئاخىرى ئۇررۇمچىگە باردىم.
— ئاللا ئوز پاناھىڭدا ساقلا! — دېدى مايسىم يەڭگىل ئۇھ تارتىپ.
ئانا-بالا ئەمدىلا يېتىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغاندا، چوڭ ھويلا تەرەپتىن خورازنىڭ چىللىشى ئاڭلاندى.
— بىردەمدە تاڭ ئېتىپتۇ، — دېدى مايسىم نارازى ئاھاڭ-دا، — ئۇھ... يەنە شۇ قىيامەت-قايىم باشلاندى!
— ئىشلار شۇنچە جىددىمۇ ئانا؟ — سورىدى تەلئەت خا-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لىرجام مالدا كورپىگە يانباشلاپ.
— نىمىسىنى ئېيتىسەن ئوغلۇم، سەمەر دۈيجاڭ بو[illegible]لا بىز-لىك دۈيدە ئەرسات باشلىنىپ كەتتى. بۇ يالاڭتوشلەر[illegible] سوڭگىمىز قالىدىغان ئوخشايدۇ، — مايسىم سوز ئارىسىدا يېلىن قەغەز چاپلانغان تۈڭلۈككە قاراپ قويدى.
تەلئەت سەمەرلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مىچىتكە كەمدىن-كەم قەدەم باسىدىغان تەلئەت چالا-بۇلا تاھارەت ئالدى-دە، ئالدىراپ ناماز بامداتقا ماڭدى.

★

تەلئەت مىچىتتىن قايتىپ تاملىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن چوڭ بىر ئالمىلىق باغنى ئايلاندى-دە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كوز يەتكۈسىز ئېتىز قىرىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ كوزى بىر-بىرىگە زەنجىرسىمان باغلىنىپ كەتكەن ئېتىز قىرلىرىدا يۈگۈ-رەتتى.
— تەلئەت! — تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز تەلئەتنى چوچۇ-تۈۋەتتى. ئۇ ئاستا بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىغان ئىدى، ئوزىگە قادىلىپ كېلىۋاتقان سەمەرگە كوزى چۈشتى. سەمەرنىڭ بەلكىسىدە كەتمەن، پۇت-قوللىرى، ھەتتا ئاق كوينىكىنىڭ بەشلىرىگىچە لاي يۇقى ئىدى.
— ھە، قايتىپ كەپسەنغۇ! مەن تېخى سېنى بىراقلا يوقال-دىمىكىن دەپتىمەن! — دېدى سەمەر ئاچچىق تەنە بىلەن.
— بەللى، قەيەرگە يوقىلاتتىم، بۇ يەر يۇرتۇم تۇرسا.
— ھە... ئوز يۇرتۇڭ لازىم بولىدىكەن-دە! — دېدى سە-مەر ۋە بىردىنلا رەسمىي پاراڭغا كوچتى، — بىلەمسەن، تەلئەت،

سەن ئۆزەڭ كىم؟! سېنىڭ ئالدىڭدا تەشكىل ئويۇنچۇق بولۇپ قالدىمۇ؟! ياكى بۇ سېنىڭ خالىساڭ كېتىپ، خالىساڭ كېلىدىغان بۇرۇنقى بەگ مەھەللەڭمۇ؟

— ئىش بولغاندىن كېيىن... — دېدى تەلئەت يەر ئاستىدىن گولۇيۇپ، — يار غولدىكى ئايلامنىڭ يېنىغا باردىم، كېسەل ئىكەن.

— ئىش دىگەنىڭمۇ يولى بار - دە! — دېدى سەمەر زەردە بىلەن.

— يولىنى ئەمدى ئۆگىنەرمىز!

— ھە، ئۆگىنىسەن! ئەگەر ئۆگەنمىسەڭ ئۇ چاغدا ئۆزەڭدىن كور! — سەمەرنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ جىددىيلەشتى، — ھۇش - كاللاڭنى يىغىپ يۈر! پىشانەڭدە قاشقاڭ بار ئادەم. بۇ قېتىم كوپچىلىكنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپ قالساڭ، قەددىڭنى كوتىرەلمەي قالىسەن! بۇنداق غادىيىپ يۈرمەي، قوشچىلىق گۇرۇپپىسىغا ئىشقا بار!

سەمەر سوزىنى تۈگەتتى - دە، «گۈس - گۈس» دەسسىگىنىچە كېتىپ قالدى.

«توختاپتۇر مۇتىھەم! — دەپ ئويلىدى ئەلەمگە تولغان تەلئەت، — سەندەك ئون سەمەرنىڭ بېلىنى يەرگە تەگكۈزمىسەم، ئوغۇل بالا ئەمەسمەن!»

## II

باۋۇدۇن ئاخۇن ئۇزۇن بويلۇق، قاتما كەلگەن، گەۋدىسى بىر ئاز ئالدىغا ئېگىلگەن، يېشى ئەمدىلا ئەللىكتىن ھالقىغان بىر ئادەم. ئۇ، ئەمگەككە قاتنىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كې-



قالدى. ئەمگەكتىن بىر ئاز تارتىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ بىلىكى بىللاردا ئەمگەكتىن بىر ئاز تارتىلىپ قالدى. شۇنداقتى-

بىنكى بىللاردا ئەمگەكتىن بىر ئاز تارتىلىپ قالدى. شۇنداقتى-
نكى مەردانىنىڭ خېلى كۆچىنىپ ئىشلىشى بىلەن جاھان-
نۇ ئوغلى يامان ئەمەس ئۆتتى. بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن
دارچىلىغىمۇ دۆيدە داڭ چىقارغان ئايكۆل ئىسىملىك بىر قىزنى
خوشنا قىلىپ چۇشۇرگەندىن كېيىن، ئەمگەكتىن بىراقلا قول
كېلىن شۇنىڭ بىلەن يېزىدىكى بەزى تەقۋادار كىشىلەر باۋۇ-
تۈزدى. ئاخۇننى يېزا مەچىتىگە ئىمام قىلىشىۋالدى. شۇندىن كې-
دۇن باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ كوپرەك ۋاقتى يېزىنىڭ بىر چېتىدى-
كى مەچىتتە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتىدىغان بولدى.

بۈگۈن باۋۇدۇن ئاخۇن ناماز ئەسىردىن كوڭۈلسىز بىر قىيا-
پەتتە قايتتى - دە، بېشىدىكى سەللىسىنىمۇ ئالماستىن، كورپە
ئۈستىگە يانپاشلىدى؛ چۈنكى خېلىدىن بېرى باۋۇدۇن ئاخۇندىن
پەرزىنى ئۆندۈرەلمەي يۈرگەن يىراق بىر تۇققىنىنىڭ بۈگۈن
نىلغان تاپا - تەنىلىرى ئۇنىڭغا ھار كەلگەن ئىدى.

«يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق دىگەن مانا شۇ! — دەپ ئويـ-
لايتتى ئۇ، — ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دۆيدىن بىر پار-
چە خەت ئېلىپ دادۇيگە بارسام بولامدىكىن؟ ھەي...»

ئۇنىڭ خىيالى تاشقىرقى ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا بو-
لۇندى. شۇ پەيت ئايۋانىنىڭ بوسۇغىسىدا تەلئەت پەيدا بولدى.

— ھە بەللى، باۋۇدۇن ئاكا، ئۈزلىرى بار ئىكەنلا، — دېدى
تەلئەت سۈنئى ھەجىيىپ، — بازاردىن يېنىشىمدا ھىدايەت ئىـ-
مام ئۇچراپ، ئۈزلىرىگە بىر باغاق بېرىۋىدى، كېلەر ئازنا مەۋ-
لۇت ئوتكۈزىدىكەن، شۇنى ئەكىرىۋىدىم...

— ھە، تەلئەتمۇ سەن؟ — دېدى باۋۇدۇن ئاخۇن ئورنىدىنمۇ
قوزغالماي، — يوقاپلا كەتتىڭغۇ، قېنى يۇقۇرى چىق.

— خوش، خوش... — دېدى تەلئەت ئىككى قولىنى كوكسىگە

ئېلىپ، — جاھاندارچىلىق ئاكا. ئانىمىز ئوغۇل بالا دەپ تۇغۇ قاندىن كېيىن پۇل تاپمىسىمۇ بولمايدىكەن. ھازىرقى ۋاقىتتا يەنە شۇ، نەگە بارسا دولەتنىڭ يۈزى ئاق، مەينەتنىڭ يۈزى قاق ئىكەن.

— ھە ئەلۋەتتە، — دېدى باۋۇدۇن ئاخۇن ئۇسكىلەك قاش لىرىنى سەل يۇقۇرى كوتىرىپ، — شۇنداق قىلىپ بازار ئايا لىنىپ يۈرىمەن دېگىن؟

— ھە بەللى، ئانچە - مۇنچە، — تەلئەت بىرئاز قوزغىلىپ، باۋۇدۇن ئاخۇنغا ئېگىلىپ سوزىنى داۋام قىلدى، — ئوزلىرى قانداقراق، ئاكا، تەنلىرى سالامەت تۇرغاندۇ؟

— خۇداغا شۇكۇر، ئەلۋەتتە، كىشىگە ساق، ئوزەمگە ئاغرىق يۈرۈپتىمەن.

باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ سوزلىرى ۋە كەيپىياتىدىن بىرەر كوڭۈل سىزلىك سەزگەن تەلئەت ئاسماقچىلاپ سوراي دەپ تۇرۇشىغا بىر قولىدا كەتمەن، بىر قولىدا تاغار كوتەرگەن ئايكۇل ھويلىدا پەيدا بولدى. ئويدىكى گەپ - سوز لەرمۇ ئۈزۈلدى. ئايۋاندىن باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ سوغاق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نىمانچە تۇگمەيدىغان ئىش بۇ؟! ئايال كىشى دېگەن مۇ شۇنداق كېچىلەردە ئېتىزلىقتا يۈرەمدۇ؟ ئادەمنىڭ قوسىقى ئېچىپ ئولەي دەپ قالدى!

— مانا، ئاكا، ھازىر. ئاشنى كېسىپ تەييار قىلىپ قويغان، قازانغا ئوتنى ياقسام پىشىدۇ.

ئايكۇل تاغار بىلەن كەتمەننى قويدى - دە، ھويلىدىن بىر قۇچاق ئوتۇننى كوتىرىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. بىرئاز جىملىقتىن كېيىن تەلئەت سوز باشلىدى:



— ھە بەللى، كېلىنىڭ ئايىغى ياراشقان ئوخشايدۇ، ئاكا. مەردان بىلەن ئوبدان ئەپلىشىپ قالغاندۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۇ تەرەپلىرىنىمۇ ياخشى، لېكىن خوتۇن ئال باۋۇدۇن دىم، ئۇستۇمگە ئوتۇن ئالدىم، دېگەندەك ئىش بولدى - دە! — دېدى باۋۇدۇن ئاخۇن ۋە بىرئاز خىيال سۈرۈپ سوزىنى يەنە داۋام قىلدى، — دۇنيالىق ئىشنى ئاخىرەتكە قالدۇرماي دەپ، ھاپىلا - شاپىلا توي قىلغانتۇق، ئۇنىڭ دەردىدىن تې خىچە قۇتۇلالمايۋاتىمىز.

— نىمە دەرت؟ — سورىدى تەلئەت.

— داستىخاننى چوڭ سالمىساق دەپ ئاتا ئۇرۇق بىر تۇق قىنىمىزغا ئاز - تولا قەرزگە بوغۇلغانتۇق. «قارغۇنى يادا قىسى ناڭ» دېگەندەك تازا ۋاقتىدا قىستىغىلى تۇردى، — باۋۇدۇن ئاخۇن ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويدى.

— ۋاي، پۇل كېرەكمۇ؟ — كوكسىنى كېرىپ كۇلدى تەل ئەت، — ھە بەللى، پۇل دېگەننىڭ كارى چاغلىق، ئۇنىڭغىمۇ ئوزلىرىنى ئۇپرىتامدىلا، بىزدە بار پۇل سىلىدە بولغانغا ئوخ شاش... قانچىلىك نەرسىدى؟

— ئەللىك سوم.

— شۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك غەممۇ، مانا بىز بار.

باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ، خۇددى ئېغىر بىر تاغدىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل ئۇھ تارتتى ۋە تەلئەتكە كوڭلىدە تاسادىپى ئويغانغان ئالقىشانداق بىر مېھىر بىلەن تىكىلىپ قارىدى. تەلئەتنىڭ خۇنۇك يۈزلىرى ۋە پاناق بۇرنى ئاستىدىكى ئىككى تەرەپكە قويرۇق تاشلاپ قالغان كىچىككىنە قارا بۇرۇتى، دوغلاق بەستى باۋۇدۇن ئاخۇن ئۈچۈن قانداقتۇر ئىسسىق كورۇندى. ئۇ، ئوزىنى تۇتالماي:



www.uyghurkitap.com

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، تەلئەتجان. ئادەمگە قىلغان ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ، — دېدى.

مانا، تەلئەتنىڭ ئوقى نىشانىغا تەگدى. ئۇنىڭ خىيالىچە، ھەرقانداق قۇلۇپقا چۈشىدىغان ئاچقۇچ — پۇل ئىدى. ئەنە شۇ ئاچقۇچ باۋۇدۇننىڭ قەلب قۇلۇپىنىمۇ ئاسانلا ئېچىۋەتتى. ئارىغا بىرئاز جىملىق چۈشتى. تەلئەت ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— ھىلىقىنى ئەتىگىچە جايلاپ ئەكىرىپ بېرەرمەن. خوش، ئەمدى مەن قايتاي، — دەپ كېتىشكە ھازىرلاندى.

— ھازىر ئاش تەييار بولىدۇ. بىرئاز تەخىر قىل، تەلئەتجان.

— خوش-خوش، ئاكا، بىز تېخى بار، خۇدانىڭ كۈنى كوپ، — تەلئەت ئىشىككە ماڭدى.

— رەھمەت، ئۇكام. قۇرۇقلا قايتتىڭ، — دېدى باۋۇدۇن ئاخۇن ۋە تەلئەتنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.

تەلئەت باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ ئويىدىن خۇددى ئولجا بىلەن قايتقان ئوۋچىدەك خوشال قايتىپ چىقتى:

«سېيىرنى كوندۇرسەڭ ئۈستى ئۇلاق، ئاستى بولاق دەپتىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن، — مانا ئەمدى باۋۇدۇندىن شۇنداق پايدىلىنايكى، سەمەرنىڭ ھالىغا ۋاي...»

★

ئەتىسى تەلئەت كەلگەندە، باۋۇدۇن ئاخۇن ھويلىدىكى ئالقاندەك يەرگە تېرىغان ئوتياشلىقلا ئىشلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ



تەلئەتنى كورۇپلا ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى.

— كەل تەلئەتجان، كەل! — دېدى ئۇ ئاق كوينىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈز - كوزىنى سۈرتۈپ، — داڭ ئاڭلىنىپ قالدىڭمۇ؟

— ھە بەللى، مەجلىس بارمىش. قول - قولغا تېگىشمەيۋاتقاندا يەنە بېگى ئىش، يېڭى بۇيرۇق! زور كۈچ بىلەن كارنى تازىلايمىز دەۋاتىدۇ، — تەلئەت سىناق نەزىرى بىلەن باۋۇدۇن ئاخۇنغا قارىدى ۋە بىرەر ئېنىق ئىپادە سېزەلمىگەندىن كېيىن بىردىنلا سوزىنى يوتكىدى، — ئۇزلىرىگە ھىلىقىنى ئېلىپ كەلگەنتىم. ئاز بولسىمۇ دەردلىرىگە دەرمان بولار... — تەلئەت قوينىدىن پۇل چىقىرىپ، باۋۇدۇنغا سۇندى، بۇ كۈتۈلمىگەن ئىلتىپات باۋۇدۇننىڭ كوزلىرىنى ئوينىتىۋەتتى.

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت! — دېدى ئۇ زور مىننەتدارلىق بىلەن، — ئەلۋەتتە، پۇل ئورنىنى پۇل باسىدۇ. تاپقاندا قايتۇرارمەن. تازىمۇ تەڭقىسلىقتا ئەسقاتتىڭ ئۇكام.

— بۇرۇنراق ئۇقماپتىمەن، — دېدى تەلئەت تېخىمۇ يېقىنچىلىق كورسىتىپ، — بولمىسا سىلىمۇ بۇنچە پاراكەندە بولۇپ يۈرمەيتتىلە.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، ئۇكام.

— باۋۇدۇن ئاكا، — دېدى تەلئەت ئېچىنغان قىياپەتتە، — بېشىدىن بىرى بىر كوڭۇلسىز گەپ ئاڭلىدىم، ئېيتاي دېسەم تىلىم كويىدۇ، ئېيتماي دېسەم دىلىم، — تەلئەت خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. باۋۇدۇن ئاخۇن ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەندەك:

— نىمە كېپىڭ بولسا ئېيتىۋەر، ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئارى

منزدا تاغ يۇققۇ؟ دىلىمىز ئۇچۇق - يورۇق بولغىنىنى ياخشى، — دەپ كوڭلىنى تىنجىتتى. تەلئەتكە جان كىرگەندەك ئېچىلىپ سوزلىدى:

— دۈشمەن يامان ئولتۇرىدۇ، ئوت يامان كويدۇرىدۇ، دىگەندەك مەردان بىلەن ئايكۇلنىڭ ئارىسىغا دۈشمەن ئارىلاپ قالغان ئوخشايدۇ. هە بەللى، مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپ ئىشەنمىگەن ئىدىم. لېكىن سەپسېلىپ قارىسام راستىنلا ئىش باشقىچە ئىكەن.

— قانداق؟ — ئالدىراپ سورىدى باۋۇدۇن.

— ئۇ ئىككىسىنىڭ گەپ - سوز، مېڭىش - تۇرۇشلىرىمۇ باشقىچە. ئىككى - ئۈچ قېتىم ئوز كوزۇم بىلەن قاراڭغۇ، خالى جايلاردا بىللە بولغىنىنى كورۇپ قالدىم...

— كىم بىلەن كىمنى كوردۇڭ؟! — سورىدى باۋۇدۇن تاقىتى تاق بولۇپ.

— هە بەللى، سەمەر بىلەن ئايكۇلنى... خوتۇن كىشىنىڭ قىرىق بىر هىلىسى بار دىگەندەك، سەمەرنىڭ دۈيجاڭلىقى كېلىنىنىڭ كوزىنى باغلىغان ئوخشايدۇ.

— سەمەر!؟ — باۋۇدۇننىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ، ئوسەك قاشلىرى يىمىرىلدى.

تەلئەت يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئېچىشقان يەرگە لازا قۇيۇشقا باشلىدى:

— مەنمۇ سەمەرگە ئىشىنەتتىم. خوتۇنىنىڭ هازىسى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ، بۇنداق يامان ئىشلاردا بولماس دەپ يۈرسەم، ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك چىقماي قالدى، — تەلئەت باۋۇدۇننىڭ ئەپتىگە قاراپ راستىنلا پارتلايدىغانلىغىغا كوزى يەتتى - دە، — خوپ، ئاكا، مەن چىقاي، ئەمما بۇ گەپلەر



www.uyghurkitap.com

جايىدا قالسۇن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ئەقىقەتەنمۇ باۋۇدۇن تار قوسىغىغا بۇ گەپلەرنى سىغدۇرالمىدى. ئۇ، تەلئەتنىڭ سوزىگە ئىشەنگەن ئىدى. كېلىن چۈشۈرۈپ تېخىچە ئۇنىڭ توپىدىكى دەردىنى تارتالماي تۇرغاندا، بۇ ئاهانەتلىك قىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى تىلدى. سەمەر بىلەن ئايكۇل خۇددى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاياق باسقاندەك بىلىندى.

ئايكۇل كېيىنكى كۈنلەردە ئىشنىڭ جىددىلىكى بىلەن ئويگە خېلى كەچ قايتاتتى. ئۇنىڭ مانا شۇ بەزى - بەزى ئالەمەلدە كېلىشلىرىمۇ ئەمدى تەلئەتنىڭ سوزىنى ئىسپاتلاپ، باۋۇدۇن ئاخۇن ئۈچۈن ئېنىق بىر پاكىت بولدى. بۇنداق ئىشلارنى باۋۇدۇن ئاخۇن بىر كۈنمۇ كوڭلىدە ساقلاپ تۇرالمايتتى.

## III

مەردان مەجلىستىن قايتقاندا، ئەتراپنى ئېغىر تۈن پەردىسى قاپلىغان ئىدى.

ئۇ، ئويگە كىرىپلا دادىسىنىڭ چىرايى ئوڭۇپ، بوغۇلۇپ ئولتۇرۇشىغا هەيران بولۇپ تىكىلىپ قالدى. مەرداننى كورگەن باۋۇدۇن ئاخۇن يىرىلىپ كەتتى:

— سەنمۇ ماڭا ئوخشاش قارا يىلىك ئادەمدىن تۇغۇلغان ئوغۇلمۇ؟ يىگىت بولساڭ، ئەلۋەتتە، ئار - نومۇسۇڭنى ساقلا! ساقلىم ئاقارغاندا شەنىمگە داغ چۈشۈرمە!

مەردان دادىسىنىڭ باش - ئاخىرى يوق سوزلىرىنى چۈشەنمەستىن سورىدى:

— دادا، نىمە بولدى؟

— ئاغزىڭنى يۇم! يەنە نىمە بولدىمىش! — قاتتىق ۋاقىرىدى باۋۇدۇن ئاخۇن، — ئەلۋەتتە، يېمەي يىگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ بالا باقتىم، شۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇمۇ؟ ئەلۋەتتە، بىر خوتۇننى ئەپلەپ تۇتالمايسەن، قېنى سەندىكى يىگىتلىك؟! خوتۇنۇڭ سەمەر بىلەن ئويناپ - كۈلسۇنمۇ، سەن بۇياقتا تاماشىسىنى كۆر!

بۇ كۈتۈلمىگەن تىل - ھاقارەت مەردانغا ئېغىر كەلدى. ئۇ، دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاشنىمۇ، ياكى شۇ يەردىلا رەت قىلىشنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى زادىلا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى، بۈگۈن بولسا ئۆز ئۆيىدىن، ئۆز دادىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىدۇ، بۇ قانداق گەپ! يىگىتلىك نومۇسىغا چاپلىنىۋاتقان بەتنامىلارغا ئىچى تىت - تىت بولغان مەردان ئارتۇقچە گەپمۇ قىلماستىن ئۆيىدىن چىقتى - دە، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە ئىختىيارسىز خىيال يىپلىرىغا چىرمىشىپ قالدى: «ئايكۆل شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟ — دەپ ئويلىدى مەردان، — دادام نىمانچە كايىپ كېتىدۇ، توختا، بۇ يەردە بىر سىر بار، دۈشمەن نەدىن قۇسۇر تاپتى؟ يەنە كېلىپ سەمەر بىلەن ئايكۆل - ھە!» ئۇنىڭ خىيالى ئايكۆلگە كۆچتى.

...ئايكۆلمۇ ئۆيدە ئاز بولىدۇ، ھە دىسە ئېتىزدا، دۈيدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمەر بويتاق بولۇپ قالدى، چۈشتىكى مەجلىستىچۇ؟ مەجلىستە سەمەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش توغرىلىق سۆزلىگەندە ئايكۆل ئۇنىڭ يېنىدا خاتىرە يېزىپ ئولتۇرغان ئىدى، سەمەرنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، ئۇ، سەمەرگە بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپلا چاقماقتەك سۆزلەپ كەتتى، بەزىلەرنىڭ ئۆز يېنىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مەردان-



نىز چىقىپ ئۇتۇپ كەتكەن ئىدىنغۇ!... بۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن ئۈچۈن ئاساس بولالامدۇ؟

ئۇنىڭ خىياللىرى ئايكۆلنىڭ كېپىنەكتەك كىرىپ كېلىشىدىن بۆلۈندى. ئايكۆل مەردانىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن سۆزلىدى:

— تۈرۈك، ئېيتىخى قوسىغىڭىزغىمۇ بىرەر نەرسە يېمىگەنسىز؟

مەردان جاۋاپ بەرمىدى. ئايكۆل مەجلىستىكى گەپلەر ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى - دە:

— ھوي چىدىماس، — دېدى چاخچاق ئارىلاش، — شۇنىڭغىمۇ سەكپارە بولىدۇ ئەمدى. بىز كومسومولغۇ، ئۆزىمىزنى باققا تىقلىۋالساق، باشقىلارغا قانداق سۆز ئۆتكۈزەلەيمىز!

— بولدى، ئۇنى مەنمۇ چۈشىنىمەن، ئىش تۈگىمىگىلى نەۋاخ، نەلەردە لەلەڭلەپ يۈردۈڭ؟

— لەلەڭلەپ ئەمەس، ھەسەلخان ئاچام بىلەن كېۋەز ئوغۇتلاشنى مۇزاكىرە قىلدۇق. ئەتە بىزنىڭ دۈي كېۋەز ئوغۇتلاشقا چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟

مەردان ئارتۇق گەپ قىلمىدى، ئايكۆل لامپىنى يېقىپ قويۇپ ئېرىقى ئۆيىگە چىقىشىغا خۇپتەنگە ماڭغان باۋۇدۇن ئاخۇن ئۇنى كايىپ كەتتى:

— ھۇ بەتبەخ، كېلىن چۈشۈردۈم دەپ، بالانى چۈشۈرۈپتىمەن، بىر يولىلا سەمەرنىڭكىگە كەتسەڭ بولمامدۇ، سېنىڭ ئۆيۈڭ يوق ئادەممۇ؟ ساڭا ئار - نومۇس كېرەك بولمىسا، بىزگە كېرەك، خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولۇشنى خالىمايمىز.

بۇ گەپلەردىن ئايكۆلنىڭ غەزىۋى دولقۇندەك تاشتى:

— دادا، — دېدى ئۇ تىترەپ، — قارابىراق گەپ قىلىسىلا؛ مەن سىلەرنى گۇناغا تىقىپ نىمە قىلىپتىمەن شۇنچە، مېنىڭ

ئاق-قارىلىقىمنى ئايرىپ بېرىدىغان جاي بار، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، غەزىۋىدىن بوغۇلۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

دالاندا بولغان گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان مەردان ئايكۇلدىن بەكرەك ئازاپلاندى. ئايكۇلنىڭ ئۆيگە كىرىپلا يىغلاپ تاشلىشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر تەسىر قىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ قىلغان گەپلىرىگە تولۇق ئىشەنمەيتتى، ئايكۇلنىمۇ ئاقلاپ بېرەلمەيتتى؛ ئۇ كۆرگەن-بىلگەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى دادىسىمۇ بىلىدىغۇ! تەڭ قىسىلىقتا بارام بولغان مەردانىنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر تۇمان پەيدا بولۇپ، ئايكۇلگە ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمىدى.

مەردانىنىڭ بۇ ماجرالارغا نىسبەتەن جىم تۇرۇۋالغانلىقى ئايكۇلنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— نېمانچە جىم بولۇۋالدىڭىز، — دېدى ئۇ ئاچچىق بىلەن، — ئارىمىزنى شۇنچە گەپ ئارىلاۋاتسا، پەرۋامۇ قىلماي دېمەيسىزغۇ، يا سىزمۇ مېنى... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

مەردان كارۋاتتىن ئېغىر قوزغالدى ۋە ئايكۇلگە قاراپ جىددى ھالدا:

— پەرۋا قىلسام نېمە قىلاي، بۇ ھاقارەتلەرنى مەن كەلتۈرۈپ چىقارمىدىم، ماڭا نېمانچە دوق قىلىسەن؟ — دېدى.

— ئەمىسە كىم چىقاردى؟ مەنمۇ؟

— كىم بولاتتى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى گەپتۇ.

— دۇنيانىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنداق گەپ يوق، ئەجەب بۇياقتا پەيدا بولۇپتا.

— شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، داداممۇ بىرەر



www.uyghurkitap.com

نىنى بىلمىسە، ئۇنداق گەپ قىلمىدۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ، دادامغا ئۇنچىلىك قاتتىق تەگمىسەڭ بولامدىكىن. ھۆرمەت-نومۇس دېگەننى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.

— ھە، تېخى سىزمۇ شۇ تەرەپمۇ؟ ھۆرمەتنىڭمۇ ئورنى بار، ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ تەلئەت نېمىشقا بوسۇغىمىزدىن كېتەلمەي قالدى؟ نېمىشقا ئۇ دادامغا پۇل بەردى؟ ئۇنىڭ مارىلاپ يۈرۈشى بىكار گەپ ئەمەس، ھۆرمەت-ھۆرمەت، دەپ دادامنى ئاشۇ تەلئەتنىڭ دومبىغا ئۇسۇل ئوينىتىشقا قويۇپ بەرسەڭ بولىدىكەن-دە، ماڭا ئۇنداق ھۆرمەتنىڭ كېرىكى يوق! — ئايكۇل قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان گەپلەرنى تو-تۇپ قالالمىدى، — سىزنى ئاشۇ تەلئەتلەردەك كىشىلەرنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشىنىدۇ دەپ ھېچ ئويلىمىغان ئىدىم؛ قېنى، ئىشەنگەن بولسىڭىز پىكرىڭىزنى قويۇپ بېقىڭ، مەن ئۆزەمگە ئاقمەن، قەيەرگە بېرىپ ئۆزەڭنى ئاقلا دېسەڭلار، شۇ يەردە ئاقلايمەن. شۇ گەپنى قىلغانلارنىڭ كارامىتىنىمۇ كۆرۈپ قالارمىز.

مەردان بۇ گەپلەرگە قارشى ئېغىز ئاچالماي قالدى. چۈنكى، ئايكۇلنىڭ گەپلىرىگە قارشى قويىدىغان پاكىت يوق ئىدى. ئىچىدە بولسا ئايكۇلنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنى قانداقتۇر خىجالەتچىلىك ۋە ئاداۋەت بېسىۋالغاندەك تۇيۇلدى؛ ئايكۇلنىڭ ئالدىدا ئارتۇقچە تۇرۇشتىن ئوڭايسىزلىنىپ، ئوگزىگە چىقىپ كەتتى-دە، شۇ يەردە يېتىپ قالدى.

ئايكۇل كېچىچە ئۇخلىيالماي، تاڭنى تۇت كۆزى بىلەن كۈتۈپ چىقتى. باۋۇدۇن ئاخۇن بامداتقا كەتكەندىن كېيىن، جابدۇق قايىناتماستىن قېيۇم شۇجىنىڭ قېشىغا بىرىنچى ئالدىرىدى.

ئاخشىمى باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ سەپراسى بىر ئاز بېسىلىپ قالدى. ئۇ، بولۇپ ئوتكەن گەپلەرنى قايتا سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. چۈنكى بۇ گەپنى چوڭقۇر تەكسە بىرەر ئاساس تېپىپ بېرەلمەسلىكىنى ئوزىمۇ چۈشىنەتتى.

كەچكى تاماق جىمجىتلىق ئىچىدە يىيىلدى. قېيۇم شۈجى بىلەن كورۈشكەندىن كېيىن ئايكۈلنىڭ باۋۇدۇن ئاخۇنغا بولغان ئاداۋىتى قايتقان بولسىمۇ، ئەمما مەردانغا بولغان ئاچچىغى تېخى تارقىمىغان ئىدى.

تاماقتىن كېيىن مەردان كارىزغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغاندا، باۋۇدۇن ئاخۇن ئۇنى توختىتىپ:

— ئويدە ئۇن ئاز قاپتۇ، بۇگۈنچە ئىشىڭنى قويۇپ تۈگمەنگە بېرىپ كەل، — دىدى.

مەردان مۈرىسىدىكى كەتمەننى يەرگە قويماستىنلا جاۋاپ قايتۇردى:

— ئۇننى باشقا ۋاقىتتا تارتىۋالساقمۇ بولار، ھازىر كارىزنىڭ ئىشى ئالدىراش.

— بۇ دۇنيادا ئالدىراش ئىش تۈگىمەيدۇ، ئىش ئالدىراش دەپ ئويۇڭدىن كېچىپ كەتمىگىن يەنە، — دىدى باۋۇدۇن ئاخۇن ئاچچىغى بىلەن.

— دادا، — دىدى مەردان يۇمشاق ئاھاڭدا، — ئويدىن كېچىپ كېتىدىغان گەپ يوق، ئاۋال گۈگشىنىڭ، كوپچىلىكنىڭ ئىشى تۈگىسە، ئوينىڭ ئىشى چاغلىق گەپ. گۈگشى بولمىسا بىز بۇنچىلىك بولالايتتۇقمۇ؟!

— گەپ بوپتىمىش، كېچىسى ئىشلىمىگەنلەرمۇ، ھەپتىلەپ شەھەر ئايلىنىپ يۈرگەنلەرمۇ كېتىۋاتىدىغۇ، ئۇلارمۇ ھېچنېمىدىن خىجالەت بولۇۋاتقىنى يوق.



— ئەمما بىزنىڭ بولمىز ئۇ ئەمەس، شەھەر ئايلىنىپ ئوقەت قىلىدىغان بولساق، ئوتمۇشتە نىمىشقا قىلالمىغان؟ ئوك مۇشۇنە گۈزەشى يوقتى، سەن بىلەن بىزنىڭ بولەنچۈكمىز بوقنى. شۇڭا قانچە قىلساقمۇ كوكسۇگنى يەردىن كوتىرەلمەكەن.

باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ ساقال ۋە ئوسۇك قاشلىرى تىترەپ كەتنى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىنمۇ ياكى گەپ تاپالماي ئىلاجسىز قالغانلىقىدىنمۇ، ئۇنى بىلىش تەس ئىدى. ئايكۈل بولسا مەردانىنىڭ گەپلىرىگە ئىچىدىن رازى بولۇپ، گەپكە ئارىلاشماي بىر تەرەپتە جىم تۇراتتى. باۋۇدۇن ئاخۇن ئوغلىنا قارىماي تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

— ھە، سەندەك ئوغلۇم تۇرۇپ مۇشۇ ساقىلىم بىلەن تۈگمەنكە بۇغداي يۈدۈپ يۈرەيمۇ ئەمدى، — دىدى ۋە مەرداندىن رەنجىگەن قىياپەتتە داۋام قىلدى، — بوپتۇ، گۈگشى بولسا گۈگشىغا بىراقلا كوچۈپ بېرىش، سەنلەرگە ئاتا كېرەك بولمىسا، ماڭىمۇ بالا كېرەك ئەمەس.

بۇ گەپلەرنىڭ پەقەت مەردانغا قىلىنغان پەش ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ ئۇلاردىن — بىردىن-بىر ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى مەردان ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا بۇ سوزلەرگە ئانچە ئېتىۋارمۇ قىلىپ كەتمىدى.

— دادا، — دىدى ئۇ، — ئوينىڭ ئىشىنى دەپ گۈگشىدىن كېچىپ كەتسەك بولمايدۇ، ئۇن مەسىلىسى چاغلىق، سەن بارساڭمۇ ئايكۈل ئۇگۇتنى تۈگمەنگە تاشلاپ كېلىدۇ، ئەتە كەچتە ئوزەم بېرىپ تارتىپ كېلىمەن.

باۋۇدۇن ئاخۇن جىمىپ قالدى. مەردان بولسا ئايكۈلگە بىر كوز يۇگۇرتۇۋېلىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئاي-

كۆل ئاپتۇۋىغا سۇ تەگشەپ باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويغان ئىدى.

## IV

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى.

كەڭ ئاسماندىكى ياقۇتتەك يۇلتۇزلارمۇ ئاستا-ئاستا كوزىنى يۇمۇپ غايىپ بولدى. يېقىن ئەتراپتىكى خورازلارنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن سەگەك ئىتلارنىڭ هاۋشىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئايۋان ئىشىكى «غىچچىدە» ئېچىلىپ، قولىدا ئاپتۇۋا كوتەرگەن باۋۇدۇن ئاخۇن هويلىغا چىقتى. ئۇ ئاۋال ئاسمانغا قاراپ نۇرسىزلانغان خىرە ئايغا هورمەت بىلەن بىر سالام بەردى-دە، كېيىن تاهارەت ئېلىش ئۇچۇن هويلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بۇرۇلدى. دەل شۇ پەيت هويلىنىڭ بىر چېتىدىكى كاۋا باراڭلىرى «قارس-قۇرس» قىلىپ قالدى. چوچۇگەن باۋۇدۇن ئاخۇن «كىم؟» دەپ بىر-ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىشىدى «پالاق-پۇلۇق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر كىشىنىڭ تامغا يامىشىۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالدى. تام ئۇستىدىكى گەۋدە «كۇپ» قىلىپ كوچىغا سەكرىدى-دە، غايىپ بولدى. باۋۇدۇن ئاخۇن ۋاقىراشقا باشلىدى:

— ۋاي ئوغرى... ئوغرى قاچتى...

بۇ ۋەھىمىلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ، ناماز بامداتقا مېڭىشقان ۋە كوچىدىن ئوتۇۋاتقان كىشىلەر هويلىغا كىرىشكە باشلىدى.

— نىمە ئىش، باۋۇدۇن ئاخۇن؟ — دەپ سورىدى كىرگەنلەرنىڭ بىرى.

— ئوغرى قاچتى، مانا شۇ يەردىن قاچتى... — باۋۇدۇن



www.uyghurkitap.com

ئاخۇن بىرئاز ئۇپكىسىنى بېسىپ ئەھۋالنى چۈشەن[illegible]دى.

— ئۇلداق بولسا ئەتراپقا قاراپ باقايلى، — دەپ [illegible]

جان قىلدى سېلىم بىدىك دەپ ئاتىلىدىغان بىر هاللىق ئو[illegible]

ئۇرا دىخان، — ئالغان نەرسىلىرى بولسا تاشلاپ قاچقاندۇ.

— راست-راست.

ھەممەيلەن تىمىسقىلاپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى.

— مانا، مانا... بۇ نىمە؟ — دىدى سېلىم بىدىك تامنىڭ تۈۋىدىكى شاخ-شۇمبىلارنىڭ يېنىدىن بىر دانە نىزىل تاشلىق چوڭ خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ.

ھەممەيلەن ئولىشىپ مۇقاۋىسىنى چاڭ-توزاڭ باسقان خاتىرىنى كورۇشكە باشلىدى.

— ئاۋادا ئىچىدە ئىسمى پۇتۇگلۇك بولسا ئوغرىنى تۇتتۇق دىگەن گەپ، — دىدى ئارىدىن بىرەيلەن خاتىرىنى ۋاراقلاپ ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— نىمە؟ ئىسمى يوقمىكەن؟ — سورىدى باۋۇدۇن ئاخۇن ئالدىراپ.

— بار... بار... — دىدى هېلىقى كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئۇنلۇك ئوقۇماملا، ھەممەيلەن ئاڭلايلى، — دىدى سېلىم بىدىك تاقاتسىزلىنىپ.

هېلىقى كىشى تەمتىرەپ ئوقۇشقا باشلىدى: «خىزمەت خاتىرىسى... سەمەر لىتىپنىڭ...» ھەممەيلەن دىڭ چوچۇپ كەتتى.

— راست، سەمەر دۇيجاڭنىڭ خىزمەت خاتىرىسى ئىكەن، — دىدى خاتىرىنى قايتا ۋاراقلاپ كورگەن پۇچۇق ئادەم ۋە هەيران بولغان هالدا، — دۇيجاڭ ئوغرىلىققا كىرگەندىمۇ؟ —

دەپ قوشۇپ قويدى.
— ئىنسانچىلىق... — دېدى خېلىدىن بېرى ئىمىسقىلاپ يۈرگەن مەسئۇت؛ ئۇ، مەردانىنىڭ تۈنۈگۈن كېچە كارىزغا كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن تېخىمۇ قۇتراشقا باشلىدى.
— بۇ ئادەتتىكى ئوغرىلىق ئەمەس، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا!
— توغرا ـ توغرا... — دەپ قوشۇمچە قىلدى سىپىلىم بىدىنىك، — مايۋانىنىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگەندەك، سەمەرگىمۇ ئىشىنىپ بولمايدۇ.
— هاي، هاي... ئالدىراپ كىشىنىڭ سايىسى بىلەن بويىنى ئولچىمەيلى، — دېدى يېگىملا كىرگەن ئابدۇكۇل، ئۇنىڭ سوزىنى مەسئۇت كېسىپ تاشلىدى:
— بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ، قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىم بىر ئائىلىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىق!
ئابدۇكۇل مەسئۇتنىڭ سوزىگە چىداپ تۇرالمىدى:
— مەسئۇت! — دېدى ئۇ جىددى قىياپەتتە، — ئالدىراپ چاپىنىڭنى سالما، كېيىن مۇزلاپ قالمىغىن. ئاخىر بۇ ئىش ئات ئايلىنخانغا، يول سارىخانغا بولۇپ چىقمىسۇن يەنە.
— دۇرۇس، سەمەر ئۇنچە تېگى پەس، بەڭگىل يىگىتلەردىن ئەمەس، — دەپ ئابدۇكۇلنى قۇۋۋەتلىدى ئارىدىن بىرەيلەن.
يېرىلاي دەپ تۇرغان باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ يۈزلىرى سۇرلۇنۇپ، كوزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئوتتۇرىدا بولۇۋاتقان تالاش ـ تارتىشلارغا قۇلاقمۇ سالمىدى. بىر هازادىن كېيىن:
— هەي سەمەر! هەي سەمەر!... — دېدى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىقىملاپ، — سەن مېنى



ۋالچە پېشىنغا يەتكەندە خەلقى ـ ئالەم ئوتتۇرىسىدا شەرمەندە ئەرسار قىلماقچىمۇ؟ بۇ يۇرتتا يا سەن تۇر، ياكى مەن تۇراي، — ئۇ لوزىنى توختىتىپ ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى، — جۇرۇگلار، خالايىق! ئەلۋەتتە، هەممىڭلار بۇ ئىشقا گۇۋاچى. سەمەرنىڭ ئوزى بىلەن سوزلىشىمىز. كوپچىلىك بامداتقا مېڭىشتى.
بامداتتىن كېيىن باۋۇدۇن ئاخۇن ئالتە ـ يەتتەيلەننى ئەگەشتۇرۇپ سەمەرنىڭ ئويىگە كەلدى. لېكىن سەمەر ئويدە يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدىغا سەمەرنىڭ ئانىسى گوھەرخان ئايلا چىقتى.
— سەمەر قېنى!؟ — دەپ ۋاقىرىدى باۋۇدۇن ئاخۇن ئالدىغا دىۋەيلەپ.
— ۋاي... نىمە بولدى؟ سەمەر ئەتىگەن ئىشقا چىقىپ كەتكەن، — دېدى ئايال بىر ئاز مەڭدەپ.
— هىم! ئەتىگەن ئىشقا چىقىپ كېتىپتىمىش!... — دەپ سەن هىجايدى مەسئۇت. ئەتراپتىن يەنە بىرنەچچە كىشىلەر يىغىلىپ سەمەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا غوۋغا كوتىرىلدى. بەزىلەر سەمەرنى بۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ، هالال نىيەتلىك كىشى دەپ ئىسپاتلىسا، بەزىلەر سەمەرنى هەر خىل دەلىللەر بىلەن قارىلايتتى. مەسئۇت كوپچىلىككە قاراپ ئۈنلۈك ۋاقىرىدى:
— خالايىق، تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ ئورنى يوق. مانا بۇ خاتىرە ئوبدان دەلىل، سەمەرنىڭ مەقسىدى ئايان، ئۇ، ئۇزىنىڭ مەنسۇپىدىن پايدىلىنىپ ئايكۇلنى بۇزماقچى. بىزگە بۇنداق ئادەم باش بولالمايدۇ......
توپ ئىچىدە پەيدا بولغان قېيۇم شۇجىنى كورۇش بىلەن مەسئۇتنىڭ سوزى ئۈزۈلۈپ قالدى. قېيۇم شۇجى گۇگشىغا

مەجلىسكە كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىنلا بۇ ۋەقەگە دۇچكەلگەن ئىدى.

— نىمە ئىش، يولداشلار؟ — دېدى ئۇ سىپايە بىر ئاۋازدا.

ئارىدىن بىرەيلەن ئەھۋالنى سوزلەپ، خاتىرىنى قېيۇم شۇجىغا سۇندى. شۇجى تۈنۈگۈن ئايكۇلدىن ئاڭلىغان گەپلىرىدىنلا باۋۇدۇن ئاخۇنىڭ بوسۇغىسىغا يات قەدەم بېسىلغانلىقىنى ھىس قىلغان ئىدى. ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئالدىنئالا پەملىگەن قېيۇم شۇجى ناھايىتى ۋەزمىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— يولداشلار، ھەرقانداق ئىش بولسا، تەشكىل ئارقىلىق ھەل قىلايلى. بۇ سەمەرنىڭ ئىشىمۇ ۋە ياكى باشقا بىرسىنىڭ غەرەزلىك ئويۇنىمۇ، بۇنى تەكشۇرمەي تۇرۇپ، بىرنىمە دېيىش تەس.

— بۇنىڭ يەنە نىمىسىنى تەكشۇرىدۇ! — دەپ غوڭشىدى سېلىم بىدىنك، — پاكىت دېگەن مانا شۇ! بىز سەمەرگە ئىشىنىپ، بېشىمىزغا ئېلىپ كوتەرگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئويىنى بۇزغىلى تۇردى.

— ماقۇل، — دېدى قېيۇم شۇجى چىرايىنى ئوزگەرتمەي، — ئۇنداق بولسا، سىنىڭچە، قانداق قىلساق بولار؟ ھازىرلا سەمەرنى جازالايلىمۇ؟

ئارىلىقتىن مەسئۇتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھازىر سەمەرنىڭ ئىزىنىمۇ تاپقىلى بولماس.

— ياق، — دېدى شۇجى مەسئۇتقا كوز قىرى بىلەن قاراپ، — سەمەر ھېچيەرگە كەتمەيدۇ. مەن ھازىرلا كورۇپ كەلدىم، كارىز تازىلاۋاتىدۇ.

توپ ئىچىدىن باۋۇدۇن ئاخۇنىنىڭ بوغۇق ئاۋازى



ئاڭلاندى:

— قارىماملا شۇجى، ئادەم بولغىنىمىز شۇمۇ؟ مانا بەش كەم ئاتمىش ياشقا كىرىپتۇق، بۇنداق شەرمەندىچىلىك بىلەن ئۇ دۇنياغا قايسى يۈز بىلەن بارىمىز!

— باۋۇدۇن ئاكا، — دېدى شۇجى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — ئۇزلىرىگە بىر ئاز سەۋىر بەرسىلە. بۇنداق ئىشنى تەشكىل بىلەن قىلغىنىمىز ياخشى. بۇنچىۋالا يېيىپ غوۋغا كوتىرىپ يۈرۈش ياخشى ئەمەس. غوۋغا كوتىرىش بىلەن ئىشنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بىكار ئوزىمىزنى ئوسال قىلىۋالىمىز. بىز بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە يەتمەي قويمايمىز.

قېيۇم شۇجىنىڭ سوزلىرىدىن كېيىن ھەممىسىنىڭ ئاغزى يېپىلىپ، بەزىلەرنىڭ كوكسى بىرلىك چوكتى. تۇرغانلار بىر-ئىككىدىن تارقاپ، مەيداندا يالغۇز باۋۇدۇن ئاكا بىلەن قېيۇم شۇجىلا قالدى. قېيۇم شۇجى ئىشەنچلىك ھالدا:

— تاغدەك ئىشىنگىمۇ تېرىقتەك تۇگۈنى بولىدۇ، باۋۇدۇن ئاكا. ئالدىرىماسلىق كېرەك، سەۋىرنىڭ تېگى ئالتۇن دېيىشكەن، سەمەر بولسا بىر دۇينىڭ ئىشىنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەم. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جىددى ۋاقتىدا ئۇنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويمايلى. بۇ ئىشقا ئوزەم قول تىقىمەن، سىلە خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى-دە، باۋۇدۇن ئاخۇن بىلەن خوشلىشىپ، ئالدىنقىداق چىگىش خىياللار ئىچىدە گۇڭشىغا قاراپ كەتتى.

★

مەردان چاشكا مەھەلدە تۇگمەندىن قايتقىنىدا، ھويلا جىمجىت ئىدى. ئايگۈل ئىچىرىغا كەتكەن، باۋۇدۇن ئاكا بولسا رەڭگى ئۆڭگەن، قاپىقى سىلىنغان ھالدا سۇپىدا ئولتۇراتتى. مەردان دادىسىنىڭ ئالىيىپ قارىشىدىن ئايگۈل بىلەن يەنە گەپ تالىشىپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلىدى - دە، خالتىنى يەرگە قويۇپ سىرتقا چىقتى. مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدىلا بۇ ئائىلىدە ھېچ ۋاقىت بولۇپ كۆرمىگەن ماجرا يۈز بەرگەنلىكىدىن مەردانىنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، ئەمدىكىنە قاماقا ئوراپ تۇرۇشىغا يېنىدا تەلئەت پەيدا بولۇپ قالدى.

— ھە، مەردان، بەك خاپىغۇ ئۆزەڭ، — دىدى ئۇ ساختا بىر قىياپەتتە، — بۇ دۇنيادا ئازمايدىغان بەندە يوق.

— ھە، نىمە گەپ ئۆزى، كىم ئېزىپتۇ؟ — دەپ سورىدى مەردان تەلئەتكە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.

— ھە بەللى، تېخى بولغان گەپلەرنى ئۇقماپسەندە، — تەلئەت ئەتىگەن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىدە بولالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ قويدى، ئاخىرىدا:

— ئۇكا، ئىنسان دىگەنگە ئىشىنىپ بولمايدىكەن. ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ، دىگەن مانا شۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

مەردانغا بۇ ۋەقە كۈتۈلمىگەن نەرسە بولۇپ تۇيۇلسىمۇ، لېكىن تەلئەتكە سىر بەرمەسلىككە تىرىشتى ۋە غە



زاپ بىلەن:

— ئەجەپ بىز بىلەنلا قالدىڭمۇ، كىشىنىڭ غىيمىنى بىگچە، سىڭگەن نېنىڭنى يە! يەلكەمگە تاغ چۈشسىمۇ ئۆزەمنىڭ كوتەرگۈچىلىكىم بار، — دەپ ئۇنى سىلكىۋەتتى. تەلئەت كەتكەندىن كېيىن مەردان ئويگە كىرىپ دادىسىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى سۈرۈشتۈردى. باۋۇدۇن ئاخۇن ئۇنىڭغا خاتىرە ۋەقەسىنى سوزلەپ بېرىۋېتىپ، كەينى - كەينىدىن ئاھ ئۇراتتى. بۇ ئەھۋال مەردانغىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ئەسلىنىڭ مۇرەككەپلەشكەنلىكى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئاۋالقىسىغۇ گەپ - سوز بولسۇن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەمدى بۇ ۋەقەچۇ، ئەگەر راستلا بولىدىغان بولسا...» ئۇ، ئويىنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمىدى. چۈنكى بۇ ئوينىڭ ئاخىرى سەھەر بىلەن ئايگۈلگە ھاقارەت بىلەن تۇگىشى ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ، گەپ - سوزلەردىن خالىراق بولۇش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى - دە، يېزىنىڭ تۈۋەن تەرىپىگە قاراپ كېتىپ قالدى.

★

"تومۇرنى دات يەيدۇ، يۈرەكنى داغ" دىگەنىدەك، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەردىن سەمەر ئازاپلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ نە كېچىسى ئۇيقۇسى كەلسۇن، نە ئاغزى تېتىپ تاماق يىسۇن. ئۇ، ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ مىسلىسىز ھاقارەتكە قارشى "بوھتان!" دەپ ۋاقىراي دىسە، بۇ تىلسىز خاتىرە قەيەردىن پەيدا بولدى؟! بۇنى قايسى پاكىت بىلەن رەت قىلىدۇ!... ئۇ، خاتىرىنىڭ ئۆيدىن قانداق قىلىپ يوقالغانلىقىنى

ئويلاپمۇ، سۈرۈشتە قىلىپمۇ بىر يەرگە كېلەلمىدى. ئانىسىمۇ ئۆزىنىڭ بىغەملىكىدىن كايىيتتى. سەمەر كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرغۇسى كەلمەي سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ئىتىزلىقلارنى بىر ئايلىنىپ، ئاخىرى دادۇي تەرەپكە يول ئالدى.

ئىشخانىدا قىيۇم شۇجى بىرنەرسىلەرنى يېزىپ يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ، سەمەرنى خوشال قارشى ئالدى.

— كەل، كەل، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن تېخى يېنىڭغا بارماقچى ئىدىم.

سەمەر قىيۇم شۇجىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بەندىڭدىن ئورۇن ئالدى. يېڭىلا ياندۇرۇلغان لامپا يورۇقىدا قىيۇم شۇجى ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن سەپسالدى. ئىككى كۈن ئىچىدە سەمەرنىڭ يوغان ۋە تۈيغۇن كوزلىرى خىرەلىشىپ، قوياش تەپتىدە تاۋلانغان سۇمباتلىق بەستى بىرمۇنچە چوكىكەندەك كورۈنەتتى.

— قانداق، ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — دېدى شۇجى جىملىقنى بۇزۇپ.

— ئويلىدىم، نەتىجە يوق.

— سەمەر، مۇشۇ مەسىلىگە قارىتا زادى سېنىڭ كۆزقارىشىڭ قانداق؟

— شۇجى، — دېدى سەمەر بىرئاز دىدىللىنىشىپ، — مېنى پارتىيە، خەلق تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى ۋە ماڭا ئىشىنىپ بىر دۈينىڭ خىزمىتىنى تاپشۇردى. مەن بۇ ئىشەنچنى يەرگە ئۇرۇشنى خالىمايمەن. بۇنداق ئىشلار خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغان، مەن...

— چۈشىنىمەن، چۈشىنىمەن، — دېدى شۇجى سەمەرنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

مەزنى بولۇپ، — مېنىڭ دېگىنىم، بۇ غوۋغا ۋا... قانداق يۈزلەرگە چىقتى؟

— بۇ دۈشمەنلەرنىڭ غەرەزلىك ئويۇنى!

— شۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

— ئەلۋەتتە!

شۇجى بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى-دە، بىرئاز ئىچىلىپ سۆزلىدى:

— سەمەر، بۇ مەسىلە ئۈستىدە مېنىڭمۇ ئاخىرقى پىكرىم سېنىڭكىگە ئوخشاش، بۇ جەزمەن يامان ئادەملەرنىڭ ئويۇنى. بۇ گەرچە ئاددى بىر خاتىرە مەسىلىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان غەرەز ناھايىتى زەھەرلىك! بىز مۇشۇ مەسىلىنى پاش قىلىش ئارقىلىق كوپچىلىككە يەنە بىر نىمە سىنىپىي تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك. — قىيۇم شۇجى سۆزدىن توختاپ قولىدىكى تاماكىنى قاتتىق-قاتتىق شورىدى. سەمەرنىڭ كەڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن شۇجى سورىدى:

— سېنىڭچە، مۇشۇ ئىشنى كىملەردىن گۇمان قىلىشقا بولار؟

— مەن يېقىندىن بېرى تەلئەتتىن بىرئاز گۇمانلىنىپ قالدىم.

— قانداق؟ — ئالدىراپ سورىدى شۇجى.

— سىزنىڭچە، ئۇ يېقىندىن بېرى باۋۇدۇن ئاخۇن بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كەتتى. ئايگۈلنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، تەلئەت باۋۇدۇن ئاخۇنغا 50 يۈەن پۇل بېرىپتۇ.

— نىمىشقا؟ — شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى.

— بىرئاز قەرزگە بوغۇلۇپ قاپتىكەن، شۇنى ئاڭلاپ بەر-

گەن ئوخشايدۇ.

— سىلەر ئىمىشقا ياردەم قىلمىدىڭلار؟ — سورىدى شۇ-
جى جىددى قىياپەتتە.

— بىز خەۋەرسىز قاپتۇق. باۋۇدۇن ئاكامۇ بىزگە چىشىنى
يېرىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

قىيۇم شۇجىنىڭ قويۇق قاشلىرى چىمىرىلىپ، ئىختىيارسىز
مۇشتۇمى تۈگۈلدى.

— مانا! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — دۈشمەنلەر ئەنە
شۇنداق يوچۇقلاردىن پايدىلىنىدۇ. باۋۇدۇنغا ئوخشاش بۇرنى
يەل تارتماي قالغان كىشىلەرنى ئاسانلا قولغا چۈشۈرۈۋالى-
دۇ، — شۇجى بىرئاز ئويلىنىپ داۋام قىلدى، — باۋۇدۇن
ئاخۇنغا دۈيدىن قەرز بېرىپ تەلەتىنىڭ پۇلىنى تولىتىۋېتىڭلار.
مەردانغا مەسىلىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈش كېرەك، بۇ ئىغۋاغا
ئىشىنىپ قالغان بەزىلەرنى ئويغاتساق، بۇنىڭ يىلتىزى تېزلا
ئېچىلىپ قالىدۇ.

— بولىدۇ.

سەمەر قىيۇم شۇجى بىلەن يەنە بىرمۇنچە سوھبەتلەشكەندىن
كېيىن، كۆڭلى يورۇپ قالغاندەك بولدى.

سەمەر شۇجىنىڭ قېشىدىن قايتقاندىن كېيىن، تېخىمۇ زور
ئىشەنچ بىلەن ئۇز ئىشىغا جىددى كىرىشىپ كەتتى. گويىدا
ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرات-
تى. لېكىن كارىزچىلار دۈيدىكى ئابدۇگۇل كېلىپ يولىنى
توستى:

— مەردان بۈگۈن ئىشقا چىقمىدى، — دېدى ئۇ نارازى
بىر ئاھاڭدا، — چاقىرغىلى بارغان ئىدىم، كەچقۇرۇن ئويگە
قايتمىدى دېيىشتى.



— مەردان بىرئاز كاڭگىراپ قاپتۇ، ئەتە بىر ۋاقىت چىقى-
لىنىپاق مەجلىسنى ئېچىڭلار، بولغان ۋەقەنى مۇزاكىرە-
ر، مۇزاكىرىگە ئايكۇلمۇ قاتناشسۇن، — دېدى سەمەر
نلىڭلار، ھالدا، — ھازىر ئەمگەك كۈچىڭلار كەملىك قىلىۋا-
خاتىرجەم
ئامدۇ؟

— ئىشنىڭ بىرئاز جىددى يېرىگە كېلىپ قالدۇق. چوڭ
كارىزنىڭ كوزى بىلەن تەشمىسى بەكلا تىنىپ كەتكەن ئىكەن.

— شۇنداق بولسا ئوزەم بارىمەن. گويىغا بىرەرسىنى يولغا
سېلىۋېتىپ ئارقاڭدىن يېتەي.

## V

قىيۇم شۇجى ئەككى كۈندىن بېرى ئىككىنچى شياۋدۈيدىن
نېرى كەتمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەزالارغا ئارىلىشىپ ئىش-
لىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قىزىل خاتىرىگە مۇناسىۋەت-
لىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ماڭدى. ھەتتا ئۇ، ئوششاق بالى-
لار بىلەنمۇ ئارىلاشتى، ئىش ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشلاردا
ئۇلارنى يىغىۋېلىپ، بالىلارغا خاس قىزىق - قىزىق ھىكايىلەر-
نى ئېيتىپ بەردى. بۈگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا قىيۇم
شۇجىنى يەتتە - سەككىز ئوششاق بالىلار ئورىۋالدى.

بالىلار تەرەپ - تەرەپتىن چۇقۇرىشىپ:

— ھىكايە ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپ ئۇنىڭغا يېپىشتى.

شۇجى ئالدىدا تۇرغان بىر بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ
سورىدى:

— قايسىسىنى ئېيتىپ بېرەي؟

— ھېلىقى... ئوتكەن كۈنى ئېيتىپ قالغان "قىزىل بالى-

لار"نى.

— ئۇنى ئاخشاملىقا ئېيتىپ بېرەي، — دېدى شۇجى، — ھازىر سىلەرگە ئىككى تېپىشماق ئېيتىپ بېرىمەن، شۇنى تېپىڭلار، قانداق؟

— بولىدۇ، تاپىمىز!

— قېنى ئەمىسە، ياخشى ئاڭلاڭلار! — قېيۇم شۇجى كەمزۇلىنىڭ يانچۇغىدىن بىر دانە قىزىل تاشلىق خاتىرىنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى، دەل شۇ پەيت توپ ئارىسىدىن بىر قىزنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋىيەي، مۇنۇ ھىلىقى بىز يوقىتىپ قويغان دەپتەرغۇ!

شۇجى سوزلەۋاتقان قىزغا قارىدى:

— ياق، بۇ مېنىڭ دەپتىرىم.

قىز نارازى بولغان قىياپەتتە شۇجىنىڭ گېپىنى بولدى:

— ۋىيەي، يالغان دەۋاتىسىز. بۇنىڭ ئىچىدە ناخشا بار، ئاۋاختا بىز ناخشا ئۈگىنىمىز دەپ سەمەر ئاكامىنىڭ ئۆيىدىن ئەپچىققان دەپتەر بۇ! بىزنىڭ ئۆيىدىن ئېلىۋاپسىز.

— توختا، سەن ئۆزەڭ ناخشا ئۈگىنىپ بولۇپ نەگە قويغان؟ — دەپ سورىدى شۇجى؛ قىز بىرئاز ئويلىنىپ قالدى:

— پىشايۋاندا قالغانتى.

— مەن سىلەرنىڭكىگە كىرمىسەم، قانداق ئالىمەن، ئۇنى باشقا بىرسى ئېلىۋاپتۇ. بۇ ئۆزەمنىڭ.

— ياق، ئالداۋاتىسىز، — دېدى قىز، — باشقا كىشىمۇ كىرمىگەنتى. سىز ئاپسىز!

شۇ پەيت قىزنىڭ باشقا بىر دوستى:

— ۋىيەي، كىرمىگەن دىگىنىنى، بىز دەرۋازا تۈۋىدە ئويناۋاتساق، تەلئەت ئاكام داداڭنى ئىزلەپ ئۆيگە كىرگەنغۇ، —



بىرى سوزگە ئارىلاشتى، — بىز تەلئەتكام ئېلىۋالغىنى دەپ ئويلىدۇق تېخى!

شۇجى مەسىلىنىڭ ئۇچىنى تاپقاندەك بولدى، ئۇ قىزلاردىن چوڭقۇرراق سۈرۈشتۈرمەك بولۇپ:

— دەپتەر شۇ كۈنى يوقالغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، بىردەم ئويناپ كىرسەك يوق، ھەچنەدىن تاپالمىدۇق، — دېدى قىز خىجىل بولغاندەك، — ئۇنىڭدىن كېيىن ناخشا ئۈگىنەلمىدۇق.

شۇجى گۇمانىنىڭ ئىسپاتلىنىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولدى. "مەسىلە ئايدىڭ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — پىشايۋاندا تۇرغان خاتىرە تەلئەتنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدۇ. دېمەك، ئوغرى دەپتەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان."

★

باۋۇدۇن ئاخۇن ھويلىدىكى ئوتياشلىقنى سۈپۈرۈش ئۈچۈن چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئايۋاندىن چىققان ئىدى، تاشقىرقى ئىشىك تاقىلداپ قالدى. ئۇ، قولىدىكى چېلەكنى قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدا قېيۇم شۇجى تۇراتتى.

— كەلسىلە شۇجى، كەلسىلە، — دەپ ئالدىراپ قالدى باۋۇدۇن ئاخۇن ۋە ئىشىكنى يوغان ئېچىپ قېيۇم شۇجىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

قېيۇم شۇجى ئايۋاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالدى. شۇجىنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇ ئۆيگە كېلىشى مەقسەتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى شىۋادۇيدە ئوتكۈزگەن بىرنەچچە كۈنلۈك ھاياتىدا ئورغۇن نەرسىلەرنى سەزدى ۋە چوڭقۇر كۆ-

زەتتى. قىزىل خاتىرە مەسىلىسىنىڭمۇ يىپ ئۇچى تېپىلدى. باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ تەلئەت بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەل-گەنلىكى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئاغرىسىغا ئۇسۇل ئويناپ «مەچىت بەندىسى» بولۇۋالغانلىقى قىيۇم شۇجىنى ئېچىندۇراتتى. شۇ-نىڭ ئۈچۈنمۇ قىيۇم شۇجى باۋۇدۇن ئاخۇن بىلەن ئۇچۇق-يورۇق پاراڭلىشىش نىيىتىدە مانا بۈگۈن «خالىس مېھمان» بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا جىملىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئىككى پىيالە چايمۇ ئىچىلىپ بولدى. بىر ھازادىن كېيىن قىيۇم شۇجى تولۇق سەرەمجانلاشقان ئازادە ئۆيگە بىر قۇر نەزەر سالدى - دە، ئاستا سۆز باشلىدى:

— ئۆينى ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇۋاپلا، باۋۇدۇن ئاكا. ھەر ھالدا توققۇزلىرى تەلدەك كۆرۈنىدۇ.

— ئەلۋەتتە، پارتىيىنىڭ دۆلىتى، مېھنەتنىڭ مېۋىسى، — دېدى باۋۇدۇن ئاخۇن ئېچىلىپ - يېيىلىپ.

قىيۇم شۇجى ئۈچۈن بۇ، سۆزنىڭ تېمىسى بولدى.

— باۋۇدۇن ئاكا، ئەلۋەتتە پارتىيىنىڭ دۆلىتى، شۇڭا بىز پارتىيىنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، قېنى، ئۆتمۈشتە كىم ئىدۇق، مانا ئەمدى كىم بولدۇق؟ — شۇجى سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ يەنە داۋام قىلدى، — بىز ئۆتمۈشتە خار ئىدۇق، زار ئىدۇق، ھايۋان ئورنىدا ئىش-لىدۇق. ئەمما قورسىقىمىز تويغىدەكمۇ نانغا ئىگە بولالمىدۇق. مانا ئەمدى قارىسىلا، بىز كىم بولدۇق، توققۇزىمىز تەل، ئۆزى-مىز بەگ، ئۆزىمىز خان ياشاپ كېتىۋاتىمىز. مانا بۇ كۈنلەر-نىڭ قەدرىگە بىز يەتمىسەك، كىم يېتىدۇ، باۋۇدۇن ئاكا؟ — قىيۇم شۇجى ئالدىدىكى چاينى بىر ئوتلاپ داۋام قىلدى، — ھەي باۋۇدۇن ئاكا، بايغا باققان قۇل بولىدۇ، گادايغا باققان



گۈل بولىدۇ دەپتىكەن. بىز ئۆز ۋاقتىدا بايغا بېقىپ قۇل بولغان. مانا ئەمدى گادايغا بېقىپ گۈل بولۇۋاتىمىز. ئۆتمۈش-كە بىر نەزەر سالساق، ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ئاق - قارىسىغا قارىماي ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىۋەرگەن بىلەن تۇيۇق كوچىغا كىرىپ قالىدۇ كىشى. ئېيتىپ باقسىلا، باۋۇدۇن ئاكا، بىز كىم؟ تەلئەت كىم؟!

قىيۇم شۇجى سوئال نەزىرى بىلەن باۋۇدۇن ئاخۇنغا تىكى-لىپ قالدى. باۋۇدۇن ئاخۇننىڭمۇ پىكرى مەركەزلەشتى. ئۇ، تەلئەت توغرىلىق ئويلىنىپ قالدى ۋە:

— تەلئەت ھاپىز باينىڭ ئوغلى، — دېدى باۋۇدۇن ئاخۇن قالداقتۇر بوغۇلغاندەك.

— ھە، گەپ مانا شۇ يەردە، ئۆتمۈشتە يەلكىمىزگە ھاپىز باي مىنىۋىدى، ئەمدى تەلئەت مىنمەكچى بولۇۋاتىدۇ. قېنى، ئۆزلىرى ئويلاپ باقسىلا.

باۋۇدۇن ئاخۇن ئويلىنىپ قالدى. قىيۇم شۇجى بۇ پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ تەلئەتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ كېيىن-كى قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ باۋۇدۇن ئاخۇنغا ئەسلىتىشكە باشلىدى.

★

ئۆز ۋاقتىدا مانا شۇ شياۋدۇي «بەگ مەھەللىسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردىكى بىردىن - بىر ھۆكۈمران ھاپىز باي ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان يوقسۇللارنىڭ جان - تومۇرى سىرايتتى. مانا شۇنداق قامچىسىدىن قان تېمىپ تۇرغان بىر بەندىدىن تەلئەت تامدى. بىراق، تەلئەت ئون نەچچە

ياشقا كىرگەن بىر ۋاقىتتا جاھان ئۆزگىرىپ قالدى. ھاپىز بايىنىڭمۇ تەختى ئۆرۈلۈپ، قامچىسى سۇندى. يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا، ئۇ خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىۋى بىلەن قولغا ئېلىندى ۋە 8 يىلدىن كېيىن قەددى پۈكۈلۈپ تۈرمىدىن قايتىپ چىقتى. لېكىن ئۇ ئىچىدىكى زەھەرنى تەلئەتكە سىڭدۈردى. تەلئەتنىڭ قېنىمۇ ئاستا ـ ئاستا دادىسىنىڭ قېنى بىلەن بويالدى...

دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، تەلئەتنىڭ تۇتقان يولى باشقىچە بولۇپ قالدى. ئەڭ ئاۋال ئۇ پۇل تېپىش كويىغا چۈشتى. يېزىمۇ ـ يېزا، شەھەرمۇ ـ شەھەر قاتىراپ يۈرۈپ قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلدى. لېكىن تەلئەتنىڭ بۇ ئەگرى ـ توقاي يوللىرىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. شياۋدۇيدىكى ياش كوممۇنىست سەمەر ئۇنىڭ تۈيۈق يوللاردا يۈرگەنلىكىنى بايقاپ، قانۇنى ئورۇنلارغا مەلۇم قىلدى. ئاخىر قوۋ تۈلكە بۇرنىدىن ئىلىنىپ ئۈچ ئاي لاۋگەي بولدى. تۈرمىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ سەمەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەزالار ئالدىدا مەلۇم ۋاقىت باش ئەگكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يامان غەرىزىدىن يانمىدى. ئاخىر ئانىسىنى ئالداپ ـ شىلاپ، ساقلاپ يۈرگەن ئىككى تىللاسىنى ئالدى ـ دە، بىر كېچىدىلا غايىپ بولدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېشىغا ئىسسىتما چۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كونا رەقىبى سەمەر تاغدەك قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. بۇ تاغ خۇددى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغاندەك، تەلئەت ئۈچۈن نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن تۇيۇلدى...



★

ئارىغا ئېغىر جىملىق چۈشتى، باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ كوزلىرى پىيالىدىكى چايغا ئويچان تىكىلگەن ئىدى. قېيۇم شۇجى جىملىقنى بۇزۇپ ئاستا سورىدى:

— باۋۇدۇن ئاكا، ئاشۇ تەلئەت بىلەن قانداق يېقىنلىشىپ قالدىڭلا؟

باۋۇدۇن ئاخۇن ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويدى.

— قارىماملا شۇجى، بىر ئاز قەرز بولۇپ قېلىۋىدۇق؛ نالەتىمىغۇ ئاغزى ياغلىمىلىق قىلىپ كەتتى. ئەلۋەتتە، خوشنا ـ خولۇم بولغاندىن كېيىن دەپ، تەڭ قىسلىقتا پۇل ئېلىپ تۇرغان ئىدۇق، ئۇنىڭ بۇنداق يامان نىيەتلىرىنى كىم بىلىپتۇ... — باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ئەنە شۇ گەپ، — دىدى شۇجى، — تەلئەتتەكلەر تۆپىمىزدىن دوست بولۇپ كىرىپ، يېڭىمىزدىن يىلان بولۇپ چىقىدۇ؛ ئۇ، شۇ پۇلنىڭ سايىسىگە يوشۇرۇنۇپ، ئويلىرىنى بۇزماقچى بولۇۋاتىدۇ، سەمەرگە قارشى ئىغۋا پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

شۇجى قىزىل خاتىرىنىڭ قانداق ئوغرىلانغانلىقىنى، ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى كېچىسى سەمەرنىڭ كارىزدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، باۋۇدۇن ئاخۇننى ئىشەندۈرۈشكە كىرىشتى. باۋۇدۇن ئاخۇن ئوڭايسىز بىر ئەھۋالدا قالغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— قارىماملا، شۇجى، ئىنسان دىگەننىڭ قوينىغا مىڭ خىل شەيتان كىرىدىكەن؛ ئاشۇ تەلئەتنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ ئۆزەمنى ئوسال قىلىۋالغىنىم قالدى دىسىلە.

— راست، دۇشمەننىڭ ئارقىسىغا كىرگەن بىلەن ئۆزىمىز
يەرگە قارايدىغان گەپ،— دېدى شۇجى،— كوپچىلىككە بىر
قارىسىلا، ھەممەيلەن ئاشۇ سەمەردەك، ئايگۈلدەك ياشلاردىن
مىننەتدار بولۇۋاتسا، بىز ئۆزىمىزنى توختاتقان تۇرۇپ ئىنىقۋا-
لارغا ئىشىنىپ يۈرسەك باللار ئۈچۈنمۇ سەت.
شۇجى باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ چىكە تومۇرلىرى كوپكەنلىكىنى،
سالقىن ئۆيدىمۇ تەرلەۋاتقانلىقىنى كورۇپ، ئارتۇقچە گەپنىڭ
ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى-دە، قوزغالماق بولدى.
— خوپ، باۋۇدۇن ئاكا، مەن قايتاي.
— ئاران بىر كەلگەندە، ئولتۇرسىلا شۇجى، ئايگۈل ھازىر
كېلىدۇ. تاماق-پاماق قىلىسۇن،— دېدى باۋۇدۇن ئاخۇن
ئىچىلىپ-يېيىلىپ.
— رەھمەت، بىز بولغاندىن كېيىن يەنە كەلمەمدۇق،—
دەپ ئورنىدىن تۇردى قىيۇم شۇجى.
باۋۇدۇن ئاخۇن شۇجىنى ھويلىغا ئۇزىتىپ چىقتى.

★

ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغان تەلئەتنى باۋۇدۇن ئاخۇن
كورمىدى، ئۇ بىكار تۇرۇپ، ساپلىرى بوشىشىپ قالغان كەت-
مەننىڭ سېپىنى چىڭىتىۋاتاتتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،— دېدى تەلئەت يېقىن كېلىپ،—
ھە بەللى، كەتمەن تۈزەپ قاپلىغۇ؟
باۋۇدۇن ئاخۇن كەينىگە بۇرۇلۇپ تەلئەتكە بىر قاراپ
قويدى. ئەمما ئورنىدىن قوزغالماي ئىش بىلەن بەنت
بولۇۋەردى.



— ئۆيلىرىگە شۇجى كەپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق،— تەلئەت يەنە
سۆز باشلىدى،— بەختلىرى بار ئادەم-دە، ئۆزلىرىنىڭ.
باۋۇدۇن ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ئەلۋەتتە، كەلدى. كەلسە مېنىڭ ئۆيۈمگە كەپتۇ، سەن
نىمانچە سۈرۈشتە قىلىپ قالدىڭ؟— دېدى ئۇ تەلئەتكە ئوچۇق
چىرايمۇ ئاچماستىن.
تەلئەت باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ بۇ ئەلپازىدىن بىر ئاز چوچۇدى-دە،
گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:
— شەھەرگە كىرەي دېۋىدىم، ھېلىقى پۇلنى...
باۋۇدۇن ئاخۇن ئۆزىنىڭ يېشىغا ياراشمايدىغان بىر تېزلىك
بىلەن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى-دە، يۆگۈرگەندەك تېز يېنىپ
چىقتى. ئۇ ئاچچىقىدا قولىدىكى پۇلنى شۇنداق قاتتىق سىقىم-
دىغان ئىدىكى، پەقەت بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىنلا قولىدا
پۇل بارلىقىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ پۇلنى تەلئەتكە
ئاتتى ۋە:
— سەن يەنە شۇ پۇلنىڭ سايىسىدىن بىر گەپ تاپقىلى
كىردىڭمۇ؟ مېنىڭمۇ بۇرنۇمغا سۇ كىردى، مە، ئال پۇلۇڭنى،
ئۆيۈمگە ئىككىنچى يولىغۇچى بولما!— دېدى ۋاقىراپ.
تەلئەت يەردە ياتقان پۇلنى يىغىشتۇرۇپ ئالدى-دە:
— نىمانچە ئاچچىق قىلىش،— دېدى دوق قىلغاندەك،—
ئېلىشتا لەكلەك، بېرىشتە سەكسەكمۇ؟!
بۇ گەپتىن باۋۇدۇن ئاخۇن پارتلاپ كەتتى:
— ھوي، گېپىڭنى قارا سېنىڭ، ماڭا نىمىشقا پۇل بەر-
گەنلىكىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. تېخى ئاچچىق قىلدى دەيسەنا،
ئالدىرىما، مەن سېنى گۆكشىغا ئاپىرىپ كېلىنىمىنمۇ ئاقلىتىمەن.
ھەممە ئىشنىڭ ھىساۋى بىرلىدۇ. سەن نىمە ئىنىقۋالارنى تېرى-

مىدىڭ؟ پۇلۇڭنى چىكەڭگە تاڭ، ئۆيۈمگە يولىسغۇچى بولىما، ئەمدى مېنىڭمۇ كوزۇم ئېچىلدى.

بۇ گەپلەردىن تەلئەت تىترەپ كەتتى. ئۇ، ئىڭۋاسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئورا بولۇپ قالغانلىقىدىن چوچۇگەن ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، بېشىنى سالغىنىچە ھويلىدىن چىقىۋېتىپ: «ئەستا، — دەپ ئويلىدى، — ئامەت كەلمەسكە كېتىپتىكەن، خەپ! ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كورەرمەن.»

★

بۇگۈنكى سەھەر ئادەتتىكىگە ئوخشىمايتتى، تاڭ يورۇشى بىلەنلا باۋۇدۇن ئاخۇنلارنىڭ قوراسى جانلىنىپ كەتتى. ئايكۇل چاي قاينىتىپ بولۇپ تاغارنى ياماشقا تۇتۇندى، مەردان كەتمەنلەرنى بىسلاۋاتاتتى. كالتا چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن مەھكەم بەلۋاغ باغلىۋالغان باۋۇدۇن ئاخۇن قانداقتۇر بىر تەنتەنىگە تەييارلىنىۋاتقاندەك ھەركەتچان ۋە خوشال ئىدى.

ئاتا - بالا ئۈچەيلەن چاي ئىچىشىپ ئېتىزغا ماڭغاندا تېخى قۇياش چىقمىغان بولۇپ، سەھەر سالقىنى دىللارغا ئارام بېغىشلايتتى. تاغار كوتەرگەن باۋۇدۇن ئاخۇن ئالدىدا كېتىپ باراتتى، ئۇلار ئايلىنىشقا كەلگەندە ئالدىدىن سەمەر چىقىپ قالدى.

— سالامۇئەلەيكۇم، باۋۇدۇن ئاكا، كۈن قاياقتىن چىقتى؟— دىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىزنىڭ ھويلىدىن! — دەپ جاۋاپ بەردى باۋۇدۇن



ئاخۇن. بۇ هازىر جاۋاپلىقتىن ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

سەمەر باۋۇدۇن ئاخۇن بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشكەندىن كېيىن چاخچاق ئارىلاش:

— باۋۇدۇن ئاكا، سەللە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى.

باۋۇدۇن ئاخۇن بېشىدىكى دوپپىسىنى تۈزەپ:

— ھە، سەللىما؟ — دىدى جىددى بىر قىياپەتتە، — سەللىنىڭ ئازىسىغا تەلئەتتەك شۇملارنىڭ شەيتىنى كىرىۋالمىسۇن دەپ قوزۇققا ئېسىپ قويدۇم، بالام.

بۇ گەپتىن ھەممە رازى بولۇشقاندەك كۈلۈشۈپ كەتتى.

قۇياش يۇقۇرى ئورلىدى. ئۇنىڭ ئوتكۇر نۇرى يەنە يەر - زېمىننى قىزىل نۇرغا پۈركىدى. چەكسىز سوزۇلغان ئىككىنچى شىاۋدۇينىڭ ئالتۇن ۋادىسىدا ئەمگەك سادالىرى ياڭراپ، پۈتۈن يېزىدا يەنىمۇ جانلىنىش باشلىنىپ كەتتى.

1964 - يىل فېۋرال، تورپان



www.uyghurkitap.com

# مەرھابا، باغۋەن!

بىرىنچى قەدەم ئۇستازىمىز ھامۇت مۇئەللىم مەكتەپكە قايتىپ
كەلدى. بۇ خەۋەر تارقىلىش بىلەن مەكتەپتە باھار تاشقىنى
دەك كۈچلۈك بىر ئېقىم پەيدا قىلدى ......
ھامۇت مۇئەللىم قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى مەكتەپ
بويىچە ئۇنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئۇ، مەزمۇت
قەدەم تاشلاپ مۇنبەرگە چىقتى. كەڭ زالدا لىق ئولتۇرغان
ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياجانلىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا
تىكىلگەن ئىدى. ئۇ، ئۇز ۋاقىتدا قاتما كەلگەن بەستلىك
ئادەم ئىدى، ھېلىمۇ شۇنداق. تۇرۇپتۇ، بىراق قالپاق، كالتەك
زەربىسىدە ئۆتكەن ۋەھىمىلىك توت يىل ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرىغا
تەكشى قىرو تاشلاپ، قاتما بەللىرىنى خېلىلا ئېگىپ قويۇپ-
تۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا — چوغدەك يېنىپ
تۇراتتى.

ئازادە زالدا ئۇنىڭ تونۇش، يېقىملىق ئاۋازى جاراڭلىدى:
— خۇاجۇشى مېنى يەنە مۇنبەرگە چىقاردى! ... — بۇ سوز
ئۇنىڭ قەلبىدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان يالقۇنلۇق سوزلەر-
نىڭ يىغىندىسى ئىدى. ئۇ، زالغا تەكشى نەزەر تاشلاپ سو-
زىنى داۋام قىلدى، — "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تېنىمىزنى تەش-
مەي قېنىمىزنى شوراپ، كاللىمىزنى كەسمەي گوشىمىزنى يە-



گەن ئىدى ......
شۇ چاغ كوز ئالدىمدا توت يىل بۇرۇن ياش قەلبىمگە
ئۇچمەس ئىزلار سېلىپ كەتكەن بىر مەنزىرە پەيدا بولدى:
ھامۇت مۇئەللىمنىڭ ئومرىدە ئەڭ ياخشى كورگەن نەرسە-
سى باش كوچەتلەرنى ياخشى تەربىيلەپ، ئۇنى سوتسىيالى-
زىمنىڭ يارامىلىق قۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن ئەجىر
سىڭدۇرۇشلا ئىدى. ئۇ، شۇ يولدا ھارماي-تالماي كۇرەش
قىلدى. لېكىن كۇرەش يولى ھامان ئەگرى-توقاي بولىدۇ.
ھامۇت مۇئەللىممۇ بۇ ئەگرى-توقايلىقنى بېسىپ ئوتتى. ئۇ،
بىر كۇنى بىزگە فىزىكىدىن "ئالتۇن قانۇنى" توغرىسىدىكى
دەرسىنى ئوتۇپ بولۇپ:
— ساۋاقداشلار، بۇگۈنكىسى ئەڭ ئاخىرقى دەرس! —
دىدى ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ.
بىز ھەممىمىز تەڭلا چۇقۇرىشىپ كەتتۇق:
— مۇئەللىم، سىز بىر يەرگە كېتەمسىز؟!
ئۇ كۈلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى غەمكىن ئىدى. ئۇ
بىر ئازدىن كېيىن بىزگە مېھرىۋانلىق بىلەن دىدى:
— بىزدە بىلىم ئېلىش، كىتاپ ئوقۇشقا كەڭ ئەركىنلىك!
ۋاھالەنكى، ئۇلۇغ يازغۇچى ماكسىم گوركىينىڭ بىرەر كىتاپى-
نى ئوقۇشى ئاسانغا چۇشمىگەن ئىدى. بىر قېتىم خوجايىن
ئۇنىڭ كىتاپ ئوقۇغانلىقىنى كورۇپ قېلىپ، قارىغاينىڭ يې-
رىندىسى بىلەن قاتتىق ئۇرغان، دوختۇرلار ئۇنىڭ بەدىنى-
دىن 42 تال ئوتۇن شېشىقلىرىنى سۇغىرىپ ئالغان. بۇنداق
"خوجايىن"لار دۇنيادىن تېخى تەلتوكۇس يوقىلىپ كەتكىنى
يوق، لېكىن سىلەر گوركىيدەك روھ بىلەن تىرىشىپ ئوقۇڭ-
لار! بىلىم — چاقناپ تۇرغان چىراق، ئۇنى ھېچكىم ئوچۇ-

رەلمەيدۇ!

شۇ سوزلەرنى قىلغانىدىن كېيىن، ئۇ ئاتىلىق مېھرى بىلەن ھەممىمىزگە بىر-بىر قاراپ، ئاستا سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى «ھامۇت مۇئەللىم مەكتەپتىن قوغلىنىپتۇ!» دېگەن خەۋەر تارقالدى. قۇلىقىمدىن كىرگەن بۇ سوز يۈرىكىمگە بېرىپ مۇز بولۇپ قاتتى. مەن ھامۇت مۇئەللىمنى ئىزلىدىم، ئۇنى كەچكە يېقىن مەكتەپنىڭ باغچىسىدىكى بىر تاش سۇپىدا ئۈزمەي تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان يېرىدە تاپتىم.

— مۇئەللىم، كېتىدىغىنىڭىز راستمۇ؟!

ھامۇت مۇئەللىم ئاغزىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىسىنىڭ كوكۇش پەردىسىدىن ماڭا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى ۋە «راست» دېگەن ئىشارە بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، شۇ چاغ خۇددى بىرسى يۈرىكىمنىڭ ئۇچىغا چىۋىق بىلەن ئۇرغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

— ئوغلۇم، راست شۇنداق! — دېدى ئۇ كەڭ ئالقانلىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ، — ئۇلار ئىشنى ھىلىقى يىغىندىكى مۇنازىرىدىن باشلاپ، ئاخىرى مېنى مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن توختاتتى.

بۇ يىغىننىڭ ئەھۋالى ماڭا روشەن ئىدى، 1-مەۋسۇملۇك ئوقۇش ئاخىرلاشقانىدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئۆگىنىش ھەيئەتلىرى قاتناشتۇرۇلغان تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش يىغىنى بولدى. مەن 6-سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى بولغىنىم ئۈچۈن يىغىنغا قاتناشتىم. يىغىندا بەزىلەر دەرسلەرنى، ئوقۇش سائىتىنى كوپرەك قىسقارتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كوپ ۋاقتىنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى پىپەن قىلىش كۈرىشىگە ئاج-



رىتىش توغرىسىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سوزلىدى، بەزىلەر يەنە قانداقتۇ «بىزنىڭ تەربىيىلەيدىغىنىمىز ئېقىمغا قارشى جەڭچىلەر!» دېيىشتى. ھامۇت مۇئەللىم پىكىرلەرنى سەۋرى بىلەن ئاڭلىدى، ئاخىرىدا بېشىنى چايقاپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئاددى بىر تەڭلىمىنى يېشىپ بېرەلمىسە، كوڭۇلدىكىدەك بىرەر پارچە ماقالا يازالمىسا، قانداقتۇ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار بىلەن كۈرەش قىلىش»نىلا بىلسە، ئۇنى قانداقمۇ ئوقۇغۇچى دېگىلى بولسۇن! — دېدى.

ئادەتتە كەم سوز بۇ پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ قوسىغى كەڭ، نەزىرى كەڭ ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق.

ئۇ بۈگۈن كوڭلىمىزدىكى سوزلەرنى ئېيتقان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ سوزى تۈگە-تۈگمەيلا بۇلۇڭ-پۇشقاقتىن قارشى پىكىرلەر پوجاڭزىدەك ئېتىلىشقا باشلىدى:

— بۇنىڭ ئوزى ئەقلىي تەربىيىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىق!

— بۇ پۇرولېتارىيات سىياسىتىدىن چەتنەپ، شىۇجېڭجۇيىلىق يولغا ماڭغانلىق!

لېكىن ھامۇت مۇئەللىم قىلچە تېڭىرقىماي ئوز قارىشىنى شەرھلەۋەردى:

— ئىشچىلار چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىپ بېرىپ، دېھقانلار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئوز ئەۋلادلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. پۇرولېتارىيات ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملار كېرەك ئەمەسمۇ؟! ئەۋلادلىرىمىزغا زامانىۋىلاشقان پەن-مەدەنىيەتنى پۇختا ئىگەللىتىپ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئوزى پۇرولېتارىيات



www.uyghurkitap.com

سىياسسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق!
— ئىنتايىن زەھەرلىك پىكىر! — دېدى مەكتەپ مۇدىرى
دىمىغىنى قېقىپ، — بۇ پۇرولېتارىيات ئۆلچىمىنى بۇرژۇئازىيە-
نىڭ تارازىسىغا سالغانلىق!
مۇنازىرە ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئاخىرىدا ھامۇت مۇئەللىمگە
«ئاق مۇتەخەسسىسلىشىشنىڭ جارچىسى» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈ-
لۈپ، ئۇزىنى تەكشۈرۈش بۇيرۇلدى. كېيىن بۇ بىغىن نوقۇت
قۇچىلار ئىچىدە بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا
ھامۇت مۇئەللىمگە «پوزىتسىيىسى قەبىھ» دېگەن قالپاق قوشۇپ
كىيگۈزۈلۈپ، «جاھىل ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇلدى، ئۇنىڭ لېك-
سىيىلىرى قاتتىق تەكشۈرۈلدى، ئۆيى ئاختۇرۇلۇپ نۇرغۇنلى-
غان تەبىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر كىتاپلار شىۋجېڭ
جۈيىلىقىنىڭ پاكىتى قىلىنىپ، مەكتەپتە كورگەزمە قىلىندى.
كىتاپلارنى كورگەزمە قىلغان كۈنى مەكتەپ مۇدىرى زەھەر-
خەندىلىك بىلەن بىرمۇنچە كاپشىدى:
— قاراڭلار، تۆل خوتۇن شۇمەك يىققاندەك ھامۇتمۇ پۇ-
تۈنلەي شىۋجېڭجۈيىنىڭ، ئەجنەبىنىڭ نەرسىلىرىنى توپلىغان!
ئۇنىڭ مىڭىسى بەئەينى چەتئەللىكنىڭ پاتنۇسىغا ئوخشايدۇ!—
دەپ ھاقارەتلىدى.
شۇ كۈنلەردە مەكتەپ بىز ئۈچۈن نولىمۇ كوڭۈلسىز بولۇپ
كەتتى: گويا ھەممە يەرنى ئىس- تۈتەك قاپلاپ، نەپەس
ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى.
ئاخىر مەكتەپ بويىچە يىغىن ئېچىلىپ، ھامۇت مۇئەللىمنى
«قوغلاپ چىقىرىش» قارارى جاكالاندى. مۇنبەردە ئالتۇن
چىشلىرىنى پاقىرىتىپ، قوللىرىنى كەلسە- كەلمەس پۇلاڭشىتىپ
سوزلەۋاتقان مۇدىرنىڭ خىقىرىغان ئاۋازى مېتالدەك قاتتىق



ھەم سوغاق ئىدى:
— مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ تەلىۋى، يۇقۇرىنىڭ قارارىغا بىنا-
ئەن، جاھىل ئۇنسۇر ھامۇت مەكتەپتىن قوغلىنىپ، يېزىدا ئەم-
گەك بىلەن ئوزگەرتىلىدۇ...
زال ئىچى ئۇنسىز تەۋرەندى، جوزا- بەندىڭلارنىڭ غاراس-
غۇرۇسى، ساۋاقداشلارنىڭ ئەلەملىك شىۋىرلاشلىرى ئىچىدە
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:
— دەۋرىمىزنىڭ كۈرەشچى ئەۋلاتلىرىنى تەربىيىلەيدىغان
بۇ جەڭ مەيدانى ئوزىنىڭ ھەقىقى ساپلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن
ھامۇتتەك غەلدە- غەشلەرنى تازىلىشى كېرەك!
شۇ كۈنى كەچتە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مۇدىرى
بېكىتكەن چەكلىمىگە قارىماي ھامۇت مۇئەللىم بىلەن كورۇش-
تۇق. ئۇنىڭ روھى بۇرۇنقىدەكلا كوتىرەڭگۈ، ئۇمىتۋار ئىدى،
ئۇ بىزنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، باش- كوزىمىزنى سىلاپ تۇ-
رۇپ:
— سىلەر جەمىيەتكە چىققاندا تېخىمۇ ئۇلۇغۋار، مۇشكۈل
ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىگە دۇچكېلىسىلەر، بۇ ھال
سىلەردىن ماركسىزىم- لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ياخ-
شى ئۆگىنىشنى، شۇنداقلا، مول زامانىۋى پەن- تېخنىكا بىلىم-
لىرىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدى ۋە بىردىنلا
كوزلىرىنى يىراققا تىكىپ ياڭراق ئاۋاز بىلەن داۋام قىلدى،—
ساۋاقداشلار، كۈن نۇرى پاسكىنا يەرگە چۈشكەنلىك بىلەن
پاسكىنا بولۇپ قالمايدۇ، ياخشى ئۆگىنىڭلار، بىلىم — ئەقىل-
نىڭ چىرىغى!
شۇ كۈنى بىز ئەڭ ياخشى بىر ئۇستازىمىزدىن ئايرىلدۇق،
ئۇ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن يۈرىكىمىزنىڭ بىر پارچىسى

www.uyghurkitap.com

مۇ بىللە كەتتى. مەن ئۇنى هامان ئويلايتتىم، كوز ئالدىمدا ئۇنىڭ خۇشخۇي، مەغرۇر سىماسى دائىم گەۋدىلىنەتتى……

گۇلدۇراس ئالقىش ساداسى مېنى خىيالدىن سەگىتتى. بېشىمنى كوتىرىپ قارىسام، مۇنبەردە هامۇت مۇئەللىم كۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى خۇددى پۈتۈن بەدىنى ”ۋىبىلىقلاپ“ كۈلۈۋاتقاندەك هاياجانلىق ئىدى. ئۇنىڭ سوزىگە ئۇرۇلغان چاۋاكلار ئۇزۇنغا سوزۇلدى، پۈتۈن زال دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرەيتتى…

يىغىندىن كېيىن هامۇت مۇئەللىم مېنى مەكتەپنىڭ باغچىسىغا ئېلىپ باردى، كىچىككىنە باغنىڭ باهار مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل، يېقىملىق ئىدى، هۇپپىدە ئېچىلغان رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ، ئېرىقتىكى باهار سۇلىرى نەغمە-ناۋا قىلاتتى.

— چوپ - چوڭ يىگىت بولۇپ قاپسەن، — دېدى هامۇت مۇئەللىم ئېرىق لېۋىدىكى تاش ئۇستىگە ئولتۇرۇپ، — ئوتكەن بۇ يىللار بىزنىڭ يېشىمىزنىلا ئەمەس، ئەقلىمىزنىمۇ چوڭايتتى. ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نى پىپەن قىلغان ماقالاڭنى گېزىتتىن كوردۇم، ياخشى يېزىلىپتۇ.

— مۇئەللىم، ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ بىزنىڭ مائارىپىمىزغا ئېغىر بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلدى، — دېدىم مەن ئوتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، — سىز كېتىپ يېرىم يىل ئوتمەي، مەكتەپتە يەنە بىر كۇرەش يۇز بەردى، 8 - سىنىپتا ئوقۇيدىغان بىر ساۋاقداشنىڭ دادىسى مەكتەپ رەهبەرلىكىگە ئۇچۇق خەت يازغان ئىكەن، بۇ خەتنى مۇدىرىمىز باستۇرۇپ قويۇپتۇ، لېكىن غېنى مۇئەللىم بىر كېچىدىلا ئۇنى چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ يېزىپ كارىدورغا چاپلاپتۇ، بىز ئەتىسى سەهەردىلا كوردۇق.



— خەتتە نىمە دېگەن ئىكەن؟ — سورىدى هامۇت مۇئەللىم قىزىقىپ.

مەن ئوز ۋاقتىدىلا كوچۇرۇپ ساقلاپ قويغان خەتنىڭ ئۇسخىسىنى سومكامدىن ئېلىپ هامۇت مۇئەللىمگە بەردىم. ئۇ، چەت - چورىلىرى قىرقىلىپ، قەغەزنىڭ رەڭگىمۇ ساغىرىپ كەتكەن بۇ خەتنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

”…… مەن بۇ كۇنلەردە ئوز پەرزەنتىمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. 15 ياشقا كىرگەن بىر ياش ۋەتىنىمىزدىكى مەشھۇر تاغ - دەريالارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمىسە، پارىژ گۇكشىسى نىمە ئۇچۇن مەغلۇپ بولغان؟ دەپ سورىسام، تەپ تارتماستىن ”داجەيدىن ياخشى ئوگەنمىگەنلىكى ئۇچۇن مەغلۇپ بولدى“ دەۋاتسا، بۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن سوتسىيالىزىم ئۇچۇن يارامىلىق خادىم چىقامدۇ؟! راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا يىمەي يىگۇزۇپ، كىيمەي كىيگۇزۇپ ئوقۇتقانلىقىم ئۇچۇن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم! 8 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ هالى شۇ! ئەيىپ زادى كىمدە؟! ئوغلۇم شۇندىن كېيىن قانچە قىلسامۇ مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىدى، ئەمدى ئۇنى كالتەك لەش كېرەكمۇ؟!……“

هامۇت مۇئەللىم خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنى سىقىملىغىنىچە بىراقلارغا كوز تىكىپ خىيالغا چومدى، كېيىن بىردىنلا ماڭا بۇرۇلۇپ:

— بۇ كىشى ھەقىقەتەنمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇ ئۇستىدىكى كوپۇكتەك لەيلەپ ئوتكۇزگەن هاياتىغا قاتتىق ئېچىنغان. مۇنداق ئىشلارنى يېزىلاردىمۇ كوپ كوردۇم. مەن چۇشكەن دۇيدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىكەن، بىر كۇنى ئۇلارنىڭ دەرسىگە قاتناشتىم. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپلا بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى

كايىپ كەتتى. ئەسلىدە "زىنۇگۇن "غايىمىز" دىگەن تېمىدا
ئىنشا يازدۇرغان ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرقانچىسى "كەل-
گۈسىدە لېتچىك بولۇپ ۋەتەن ئاسمىنىنى قوغدايمەن"، "ئەرتىس
بولۇپ ئازات زامانىنى كۈيلەيمەن"، "تېخنىك بولۇپ سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشىمەن" دەپ جاۋاپ يېزىپتۇ.
ئوقۇتقۇچى بۇلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، مەسخىرىلىك ئاۋازدا:
"سىلەرنىڭ غايەڭلار بۇرژۇئازىيىنىڭ غايىسى!" دەپ بىر تالاي
سۆزلىدى. مەن بۇ دەرستىن كۆڭلۈم قاتتىق غەش بولۇپ قايتىپ
چىقتىم. ئەجىبا، ياش ئەۋلادلىرىمىزدا بۇنداق ئالىيجاناپ غايە-
نىڭ بولۇشى يامانمۇ؟! باشلانغۇچ مەكتەپ ئوسمۈرلەردە ئىنقى-
لاۋىي غايىنى، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى يېتىشتۈرىدىغان، ئىلىم-
پەنگە ھەۋەس ئويغىتىدىغان بىر ئوچاق ئەمەسمۇ؟! ... ئويلى-
غانسېرى كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى. كېيىن بۇ مەكتەپتىكى بىر
ئوقۇتقۇچىدىن:

"بۇنداق ئەمگەكنىلا ئاساس قىلىۋالساڭلار، ئوقۇتۇش پروگرام-
مىسىغا دەخلى يەتمەمدۇ؟" دەپ سورىدىم، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى
ئارقا - ئالدىغا بىر قاراۋېلىپ: "ئوقۇتۇش پروگراممىسى
دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن، — ھازىر
بىزدە ئۇنداق نېمە يوق، شۇ كۈنلەردە مەكتەپ پۈتتۈرگەن
ئوقۇغۇچىلار دادىسىنىڭ نومۇرىنى ھېساپلاپ بېرەلىگۈدەك،
دۇيدىن قەرز ئالغان پۇللارغا ھۆججەت يازالىغۇدەك سەۋىيىگە
يەتسە چوڭ گەپ، ئىلىم - پەن دېگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ بولۇپ
قالدى ......" مەن شۇندىلا بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ كۆڭلىنى
چۈشەندىم، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە شۇنداق قىلى-
ۋاتقىنى يوق! جۇڭگو زېمىنىنى بىر مەھەل قاپلىغان قارا
ئۆتەك ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا، شۇنداق سۆزلەشكە مەجبۇر



ئىلغان. "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ قىلغانلىرى ياش بوغۇنلىرى-
مىزنىڭ پاك قەلبىنى چالغىتىپ، ئۇلارنى مەڭگۈ نادانلىقتا
قالدۇرۇشنى قەستلەش ئەمەسمۇ؟! مەسئۇلىيەت ھەرگىزمۇ ھېلىقى
دادىسىدىن كاچات يىگەن ساۋاقداشتا، ھېلىقى باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدا ياكى سەن بىلەن مەندە ئەمەس!
بىز بۇ ھېساۋاتنى چوقۇم "4 كىشىلىك گۇرۇھ"تىن ئۈزۈل-
كېسىل ئېلىشىمىز لازىم!

باغچىغا ساۋاقداشلار بارغانسېرى كۆپلەپ يىغىلىشقا باش-
لىدى، باغ تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىردى؛ باھار قارلىغاچلىرى
بىلەن بۇلبۇللار يېنىمىزدىلا سايرايتتى، ئۇلار گويا "مەرھابا،
باغۋەن!" دېگەندەك يېقىملىق خەندان ئۇرۇپ بەزمە قىلاتتى.
بىز خۇددى مەجنۇن تاللىرىدەك تەلپۈنۈپ بۇ پىشقەدەم
باغۋەننى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. باغۋەن بولسا، بىزنى باھار-
نىڭ ئىللىق ھەم سۈزۈك سۈيى بىلەن سۇغارماقتا ئىدى:

— رەئىسىمىز خۇاجۇشى پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەن-
مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈشكە چاقىردى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز-
نىڭ پارلاق كېلىچىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەم قىزىللاشقان،
ھەم ئىختىساسلاشقان ھەيۋەتلىك زىيالىلار قوشۇنىنى كۈتمەكتە!
باللىرىم، بىز مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ پەن - مەدەنىيەتنىڭ
يۈكسەك چوققىسىغا يۈرۈش قىلايلى! ئۈمىت سىلەردە!

دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى، بىز ئورنىمىزدىن تۇر-
دۇق، خۇددى بىر كۆتكە قارلىغاچقا، كىچىك يولۋاسلارغا
ئوخشاش جانلىق، تېتىك بۇ يېڭى قوشۇن كۆكرەك كېرىپ،
پارلاق نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن پەرۋاز قىلماقتا
ئىدى......

1978 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا...

ئۇ خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك لىپىلا قىلىپ بىزدىن ئايرىلىپ كەتتى... توقاينىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئاۋۇ دوڭلۇكتە ئۇ مەڭگۇ ئۇيقۇدا ياتىدۇ، قەۋرە بېشىغا كۆچۈرۈلگەن يۇلغۇن نوتىلىرى خۇددى ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىنىڭ شولىسىدەك قىپ-قىزىل چېچەكلەپ ئۆسمەكتە...

مەن ئۇنى ھامان ئويلايتتىم، ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبىنى توقايغا بېغىشلىغان يالقۇنلۇق ئوبرازى ئۆچكۈمىدىمۇ، چۈشۈمىدىمۇ مەندىن ئايرىلىغىنى يوق. مەن بۈگۈنمۇ بىر چىلەك بۇلاق سۈيىنى كۆتىرىپ قەۋرە بېشىغا چىقتىم. يۇلغۇن چېچەكلىرى تېخىمۇ چوغلىنىپ، يېشىل پوپۇكلىرى قەۋرە ئۈستىگە يېيىلىپ تۇراتتى، شۇدەم مەن يەنە ئۆزەمنى باسالماي ئۆكسىگەن پېتى دوڭلۇكتىن چۈشۈپ، بۇلاق بېشىدىكى كوتەكتە ئولتۇردۇم. بۇنداق چاغلاردا ماڭا تەسەللى بېرىدىغان نەرسە ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان قىممەتلىك تەۋەرۈكى قىزىل تاشلىق خاتىرە ئىدى. مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم، بۇ خاتىرىنى مانا شۇ ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئاز دېگەندە يۈز نەچچە قېتىم ۋاراقلىغاندىمەن، تونۇش سەھىپىلەر يەنە كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:



## 1976 - يىل 8 - ئاي

ئارزۇ قىلغان كۆڭلۈم يېتىپ كەلدى...

تېبىي ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، تەقسىمات ئۇقتۇرۇشۇمنى كۆتىرىپ ئۆيگە خوش خەۋەر ئېيتىپ كەلدىم. ئاپام ئۆز تەلىۋىم بويىچە چېكرا رايونغا تەقسىم قىلىنغانلىقىمنى ئاڭلاپ مەيۈسلەندى: «قىزىم، كېسەلچان تۇرۇقلۇق شاڭخەيدەك بۇنداق چوڭ گۈزەل شەھەرنى تاشلاپ، جاھاننىڭ چېتىدىكى بىر يەرگە بار-ساڭمۇ، ساڭا بۇ يەردىن بىر ئورۇن چىقماسمىدى؟!» دەپ نارازى بولدى. لېكىن دادام مېنى قوللايتتى، شۇڭا ئۇ: «ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرى ئوخشاش، چېگرا رايونىمۇ شاڭخەيدەك گۈللەندۈرۈش كېرەك!» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ۋەتەننىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق جايىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم......

## 1976 - يىل 9 - ئاي

مانا بۈگۈن چىمەن كۆكشى دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشقىنىمغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، ئوبدان كونۇپ كەتتىم. بۇ چەت كۆكشى دوختۇرخانىسىدا مەندىن باشقا خەنزۇ خادىم يوق ئىدى. بۇ يەردىكىلەر بىلەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتۇق. سەپداشلىرىم ناھايىتى سەمىمى ۋە ئاقكۆڭۈل. بۇنداق ئادەملەر بىلەن بىللە ئىشلەش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك - ھە! ھەرقانداق جاپامۇ راھەتتەك بىلىنىدۇ.

مەن تىل داۋىنىدىن ئۆتۈشكە بەل باغلىدىم......

## 1976 - يىل 10 - ئاي

بۈگۈنكى كۈن نېمە دېگەن خاسىيەتلىك! كىچىلىك ئۆكتەبىر بورىنى جۇڭگو زېمىنىدىكى ئەخلەت - چاۋارلارنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى. پارتىيە ۋە خۇاجۇشى «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، جۇڭگو

خەلقنى پۇخادىن چىقاردى. ئۇھا ... راسا پۇخادىن چىقاردى! ... مانا ئەمدى قەھرىتان قىش ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىللىق باھار يېتىپ كەلدى. بۇ باھار بىزگە چوڭ تۈزەشنىڭ جەڭگىۋار سىگنالىنى چالدى ......

## 1977 - يىل 4 - ئاي

بۈگۈن مەن خۇددى دورا يېگەن بېلىقتەك بولۇپ قالدىم. ھېلىقى ياش يىگىتنىڭ ئولۇمى مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. ئوتكۇر سوقۇر ئۈچەي ئادەتتىكى كېسەلغۇ؟! مەن خەلقنىڭ دوختۇرى تۇرۇقلۇق بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلمىسام بولامدۇ؟! مەن سۈرۈشتۈردۈم. بۇ يىگىت گۇڭشېنىڭ ئەڭ يىراق دادۈيى توقايدىن ئىكەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۆتكەن قىش ئاشۇ توقاي دادۈيدىن كەلگەن بىر كىچىك بالىمۇ قىزىل بىلەن ئاغرىپ. يولدا كەلگىچە سوغاق تەككەچكە ئۆپكىسى ئىششىپ، جىددى قۇتقۇزۇشمۇ ئۈنۈم بەرمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتكىلى بولماسمۇ؟ سىنىپىي قېرىنداشلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر پرولېتارىياتلىق مۇھەببەت بولمىغاندا، بۇنداق قىلىش تەس ئەلۋەتتە! مەن قەلبىمنى ئاممىغا بېغىشلىشىم، ھەممىلا يەردە يولداشلارنى ئويلىشىم لازىم ......

## 1977 - يىل 5 - ئاي

مەن ئاخىرى توقاي دادۈيگە بېرىپ ئىشلەش قارارىغا كەلدىم. ئۆز تەلىۋىمنى گۇڭشې پارتكومىغا ئېيتقىنىمدا، بەزىلەر ماڭا كويۇنۇپ: «ئۇ يەر گۇڭشېدىن يىراق بىر سەھرا. جاپاسى كوپ، قىينىلىپ قالىسىز!» دېدى. لېكىن مەن ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم......



## 1977 - يىل 6 - ئاي

قەدىردان دادا!

خېتىڭىزنى كورگەندىن كېيىنكى ھېسسىياتىمنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. ئويلىغانلىرىم ناھايىتى كوپ. يىغقاندا بىرلا نۇقتا — قانداق قىلىپ كوپ مىللەتلىك بۇ چوڭ ئائىلىمىزدە خەلققە ياخشى خىزمەت كورسىتەلەيمىز دېگەن بىرلا مەسىلە.

دادا، ئاپام مېنىڭ شاڭخەيگە بېرىپ كېلىشىمنى ئېيتىپتۇ. لېكىن مەن ھازىر بۇ يەردىن قانداقمۇ ئايرىلىمەن؟! بىرمۇنچە ئىشلار مېنى كۈتمەكتە.

دادا، سىز باشقا كوپلىگەن ئىنقىلاۋىي ئەجداتلارغا ئوخشاشلا، ئۇرۇش يىللىرىدا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغان. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە خەتەرلىك جېڭلەرگە ئېتىلغان. شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى بەختىيار دەۋرىمىزنى ياراتقان. بۇ دەۋرىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئەلۋەتتە بىز ياشلارنىڭ بۇرچى. مەن يېقىندا توقاي دادۈيگە بېرىپ، شۇ يەردە تۇرماقچى. توقاي گۇڭشېمىز بويىچە ئەڭ چەت، شارائىتى ناچار بىر جاي. بۇ يەردىكى قان-قېرىنداشلار دوختۇرغا تولىمۇ مۇھتاج. مەن مۇشۇ ئاددى. جاپالىق خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ تۈزەش يىللاردىكى ئۇلۇغۋار خىزمەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاشقا بەل باغلىدىم. دادا، سىلەرنىڭ مېنى داۋاملىق قوللىشىڭلارغا ئىشىنىمەن! كېيىنكى خەتنى توقايدىن كۈتۈڭ!

× × ×

مەن خاتىرىنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگىنىمدە، ئىختىيارسىز بېشىمنى كوتەردىم. چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، توقايدىن گۇڭشېغا قاراپ سوزۇلغان يولغا قارىدىم. ئۇ بۇندىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن يۈك- تاقىسىنى ئەپچىلگىنە يۈدۈپ، ئىككى تال كالتە ئورۇم چېچىنى ئالدىغا تاشلاپ، ئەنە شۇ پادا يوللىرىنى بويلاپ دادۈيىمىزگە كەلگەن ئىدى. مانا بۈگۈن ياۋا

سەبدە، ئاق لەيلى، قىزىل چوغلۇقلار بىلەن قاپلانغان بۇ يولدا گويا ئۇنىڭ ئىزلىرى كوزۇمگە قايتا كورۇنگەندەك بولدى......

# I

توقاي دادۇي گۇڭشېدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قاتنىشى قولايسىز. ئائىلىسى تارقاق بىر يەر ئىدى.

تومۇز ئاپتىۋى ئۇنىڭ ئاق پىشماق يۈزلىرىنى ئانار دانىسىدەك قىزارتىپ، لىپتا بىلەن چىگىۋالغان ئىككى تال كالتە ئورۇم چېچىنى سۇغا سالغاندەك ھوللىۋەتكەن ئىدى. ئۇ يىراق-تىنلا كىچىككىنە كول بويىدىكى سوگەت سايىسىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغان بىر توپ كىشىلەرنى كوردى - دە، ئۇدۇللا شۇ يەرگە كېلىپ ئۇلار بىلەن ئىللىققىنا سالاملاشتى ۋە:

— ئاسىر شۇجى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

ئولتۇرغانلار بىر - بىرسىگە قارىشىپ قويدى، ئازغىنا جىمجىتلىقتىن كېيىن ئىسراپىل ئىسىملىك بىر بوۋاي قىز-نىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئولتۇرغىن قىزىم، دېمىڭنى ئال، ئاسىر شۇجىمۇ بار، قارىغىنا، ئۇستىۋېشىڭ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— قاراڭلار، بۇ قىزنىڭ غەيرىتىنى! — دېدى بىر دېخان ھەۋەسلىنىپ: — ئوزى تومۇچۇقتەك تۇرغىنى بىلەن غەيرىتى شۇڭقاردەك ئىكەن، شۇنچە يولدىن شىگلى يۇدۇپ پىيادە كەلگىنىنى!

قىز يۇك - تاقىسىنىڭ ئۇستىگىلا ئولتۇرۇپ، بويىندىكى



www.uyghurkitap.com

لوڭگىسى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتتى ۋە سوكەن ئالدىرى بىلەن بۇ كۆككىدە ئورالغان مۇزدەك كول سۈيىنىڭ سالقىن تەپ-تىدىن خېلىلا سەگىدەپ قالدى. ئۇ، كول قىرىدا چورىدەپ ئولتۇرغان ناتونۇش كىشىلەرگە بىرمۇ - بىر قارايتتى. ئۇنىڭ كوزى ئوزىدىن خېلىلا چەتتە كىرىست بەلگىلىك سومكىنىسىنى ئۇچىغا قويۇپ ئولتۇرغان ئوماققىنا بىر قىزغا چۈشكەندە، بىرپەس تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى، ھىلىقى قىزمۇ يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قويىاتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ كوزلىرىدە پەيدا بولغان يېقىملىق كۈلكە ئاستا - ئاستا پۈتۈن چىرايىغا تارقىدى......

— قىزىم، ئىسمىڭ نېمە؟ — ئارىدىكى جىملىقنى ئىسراپىل بوۋاي بۇزدى.

— ئىسمىم چۈنخۇا، پەمىلەم ياڭ، — دېدى قىز ھەممىگە ئاگلان-غۇدەك قىلىپ.

— ياڭ چۈنخۇا ......

چەتتە ئولتۇرغان بىر يىگىت بۇ ئىسىمغا ئوزىنچە مەنە بەردى:

— "چۈنخۇا" دېگەن "باھار گۈلى" دېگەن بولىدۇ، بوۋا.

— بەللى - بەللى! نېمە دېگەن يارىشىملىق ئىسىم - ھە! — ئىسراپىل بوۋاي زوقلاندى، — سېنى بىزنىڭ بۇ توقايغا خۇاجۇشى ئەۋەتكەن باھار گۈلى دېسەك بولىدىكەن، قىزىم.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ، ئىسراپىل بوۋاينىڭ بۇ ھېكمەتلىك سوز-لىرىگە قايىللىق بىلدۈرۈشتى، بۇنىڭ بىلەن پاراڭ تېخىمۇ قىزىدى. ياڭ چۈنخۇامۇ تېزلا بۇ دېلكەش ئادەملەر بىلەن چىقىشىپ كەتتى.

— مانا قارا زورەم، ئەمدى ساڭا ئۇستاز چىقتى، — دېدى.

زورەم كوكرىكىگە تاشلىنىۋالغان مەجنۇن تاللاردەك چاچلىرىنى ئويناپ ئۇمىتلىك كوزلىرىنى ياڭ چۇنخۇاغا تىكتى.

— ئۇستاز دىگەن مانا سىلەر، مەن بۇ يەرگە شاگىرت بولغىلى كەلدىم، — دىدى ياڭ چۇنخۇا سەمىمىلىك بىلەن.

— ئوزەڭنى ئۇنچە بوش چاغلىما قىزىم، سەن دىگەن چوڭ شەھەردە كاتتا ئۇستازلاردىن بىلىم ئالدىڭ، — دىدى ئىسرا. پىل بوۋاي، — بىزنىڭ ساڭا ئۇستاز بولغۇدەك نىمىمىز بولسۇن؛ دىخانچىلىقنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىنى ساڭا ئوگىتەلەيمىز، لېكىن كىسەل دىگەن بۇ مەرەزگە كەلگەندە، سىنىڭ ئاغزىڭ بىلەن قولۇڭغا قاراشتىن باشقىنى بىلمەيمىز - دە!

ئازىدىن ھىلىقى يىگىت سوز قاتتى:

— راست، 2 - شياۋدۇيدىكى ئىمىن ئاخۇن ئاكام ساپان. سورەمنى بىزگە ئوگەتكىنى بىلەن؛ ئوتكەندە بالىسىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ «سۇلىپىدىن دىگەن دوختۇر قايسىلىرى؟» دەپ بولۇممۇ - بولۇم كىرىپ سوراپتۇ ......

ھەممەيلەن ئۇزاقىچە كۇلۇشتى، قىزغىن، سەمىمى پاراڭلار بىلەن ۋاقىتنىڭ ئوتكەنلىكى بىلىنمەي قالدى. ياڭ چۇنخۇانىڭمۇ پۇتۇنلەي ھاردۇغى چىقىپ، كوڭۇل - كوكسى يايراپ كەتتى.

ئاخىرىدا ئىسراپىل بوۋاي:

— قىزىم، سەن بۇ سەھراغا كېلىپ بىزنىڭ ئىرىقىمىزنى يېقىن، ئېغىرىمىزنى يېنىك قىلىدىغان بولدۇڭ. مانا قارا، بىزنىڭ ناسىر شۇجىمىز تومۇردىن سوققان ئادەمگە ئوخشايتتى، ھەرقانچە جاپالىق ئىشمۇ ئۇنى سارغايتالمايتتى، لېكىن كې قويدى...... — دىدى.



ياڭ چۇنخۇا گۇڭشېدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ناسىر شۇجىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭ بېنىپ قالغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىدى.

ئىشقا چۇشۇش ۋاقتى بولدى، ھەممەيلەن ياڭ دوختۇرنىڭ ئوبدان ئارام ئېلىپ، ياخشى سەرەمجانلىشىۋېلىشىنى تىلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. زورەم ئۇنىڭ يۇك - تاقىسىنى يۇدۇپ، كىتاپلار بىلەن ئۇششاق - چۇششەك لازىمەتلەر سېلىنغان تور سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ھەممىنى سىز كوتىرىۋالسىڭىز، مەن سىزگە قارانچۇق بولۇپ ماڭامدىمەن، — دىدى ياڭ چۇنخۇا ئۇنچىدەك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۇلۇپ، — بۇنى مەن كوتىرەي. ئۇ، تور سومكىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇلار يانمۇ - يان مېڭىشتى. زورەم ياڭ چۇنخۇانىڭ كەلگىنىگە ئىنتايىن خوشال ئىدى؛ دىمىسىمۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا بىر نەچچە ئايلا چالا - بۇلا تەربىيەلەنگەن بۇ تەلەپكار قىز ئوزىگە خۇددى توقايلىقتا ئېچىلىدىغان نەركەس گۇلىدەك يېقىملىق بىر سەپداش تېپىۋالغان ئىدى. ياڭ چۇنخۇا شۇ كۇنى ئورۇنلىشىپ بولۇپلا زورەمنى باشلاپ ناسىر شۇجىنىڭ ئويىگە كەلدى. دىگەندەك ئۇ ئادەم ھويلىدىكى كاۋا بارىڭى ئاستىدا قىسىر قىلماي ياتاتتى.

ياڭ چۇنخۇا ئۇنىڭ كېسىلىنى تەكشۇردى ۋە ئوزىنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— گۇڭشېدىن شۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، كېسىلىممۇ ساقىيىپ قالغاندەك بولدى قىزىم، — دىدى ناسىر شۇجى ھاياجانلىق كوزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— بىز سىنى قارشى ئالىمىز، پۇتۇن توقايلىقتىكى 2700 جان ئادەم سىنى قارشى ئالىدۇ، بىراق قىينىچىلىقىمىز كوپ،

سىنى دىگەندەك......

— ناسىر ئاكا، ئۇ گەپنى قىلماڭ! مەن ھەممىنى ئويلاپ،
ئۆزەمنى دەڭسەپ بۇ يەرگە كەلگەن، — دىدى ياڭ جۇنخۇا،
ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ناسىر شۇجى تەسىرلەنگىنىدىن گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ
ئوتكۇر كوزلىرى بۇ قىزنىڭ يۇرىگىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يالقۇن-
لۇق ئىكەنلىگىنى كورگەن ئىدى.

× × ×

ئەتىسى يېڭى تۇرمۇش باشلاندى.

ياڭ جۇنخۇا ئالدى بىلەن زورەم باشقۇرۇپ، كېلىۋاتقان
ئاددىغىنا داۋالاش پونكىتىنى قايتىدىن رەتلەپ، ئاقارتىپ،
ئىشىك بېشىغا «توقاي دادۇي شىپاخانىسى» دىگەن خەتلەرنى
يىراقتىن كورۇنگىدەك قىلىپ يازدۇردى. بىر كۇن ئىچىدىلا
ئەسلىدىكى بۇ ئاددى، كورۇمسىز ئوي ھەممە ئادەمنىڭ دىققى-
تىنى تارتقۇدەك چىرايلىق بولۇپ ياسالدى.

ياڭ دوختۇرنىڭ كەلگەنلىگىنى ئاڭلىغان چەت شياۋدۇيدىكى
دىخانلار ئايىغى ئۇزۇلمەي ئۇنى تەبرىكلەشكە كەلدى، باللار
ئۇنى ياڭ ئاچا دىسە، بوۋاي، موماي‌لار "قىزىم" دىيىشەتتى.
ئۇ، كۇنبويى تىنماي ئىشلىدى، كەچتە ناسىر شۇجىنىڭ
ئويىگە بېرىپ ئۇنىڭ كېسىلى بىلەن تەپسىلى تونۇشتى، 50
ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان پالۋان قامەت بۇ ئادەمنىڭ رەس-
مى- ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا نەچچە كۇن بولغان، ئۇنىڭ
ئوز ئومرىدە ھېرىش- چارچاشنى بىلمىگەن بىجىرىم پۇتلىرى
ئوپكىدەك ئىششىپ كەتكەن ئىدى.



— قىزىم، تۇنۇگۇن سىنى كورۇپلا كوڭلۇم يورۇپ كەتتى، —
دىدى ناسىر شۇجى ئۇمىتلىك كوزلىرىنى ياڭ دوختۇرغا تى-
كىپ، — مەن پاتراق ساقىيىپ كەتسەم بولاتتى. تازا ئىشلەي-
دىغان ۋاقىتتا...... ھەي! — ئۇ ئېغىر خۇرسىندى.

— ناسىر ئاكا! — دىدى ئۇ شۇجىنىڭ پۇتلىرىنى سىلاپ
تۇرۇپ، — ئامالىنى قىلىمىز، ساقىيىسىز......

ئۇ كېسەللىك سەۋەۋنى ئىنچىكىلەپ سۇرۇشتۇردى. كې-
چىكىدىن تارتىپ ئىش- ئەمگەك بىلەن پىشقان بۇ ئادەمنىڭ
تومۇردەك بەدىنىگە كۇتۇلمىگەن يەردىن بۇ كېسەل يېپىشتى.
بۇ ئىش بۇ يىل ئەتىيازدىلا بولغان ئىدى. بىر كېچىسى نا-
سىر شۇجى باھار كەلكۇنىنىڭ شاقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى،
"تېز- تېز!......" غايىۋانە بىر بۇيرۇق دەرھال ئۇنى ئورنىدىن
تۇرغۇزۇپ، غول ئوستەڭ زاكوسىغا ئېلىپ كەلدى. زاكونىڭ
تاقىغى ئېتىك بولغاچقا، سۇ بارغانسېرى ئورلەۋاتاتتى. تاقاقنى
دەرھال ئېچىۋېتىپ سۇنى قويۇپ بەرمىگەندە، سۇ ئوستەڭنى
بۇزۇپ كۇزگى بۇغدايلارنى بېسىپ كېتەتتى، ناسىر شۇجى كې-
يىملىرىنى سالماي سۇغا سەكرەپ چۇشتى- دە، تاقاقنى كوتى-
رىۋېتىشكە كىرىشتى. تاقاقنىڭ ئېغىرلىغى 100 جىڭ كېلەتتى،
ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇنىڭ بېسىمى بار ئىدى، ئۇ، چېكە تومۇر-
لىرى كوپۇپ، گورەنلىرى قىزارغىچە كۇچىنىپ، ئاخىر تاقاقنى
بىر مېتىردەك كوتىرىۋىدى، سۇنىڭ بېسىمى تاقاقنى يەنە
چۇشۇرۇۋەتتى. چۇشۇرگەندىمۇ دەل ئۇنىڭ پۇتى ئۇستىگە باز-
غاندەك چۇشتى. سۇ قانغا بويالدى. شۇ ھالدىمۇ كەلكۇن بى-
لەن جىددى ئېلىشىپ، ئاخىر تاقاقنى ئاچتى. ئۇ قاشقا چىق-
قاندا ئەزالارمۇ يېتىپ كېلىپ، ناسىر شۇجىنىڭ پۇتىنىڭ ئېغىر
بارلانغانلىغىنى كورۇپ، ئۇنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى،



www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇ: «ھازىر دەل كۈزگى بۇغدايلار چېچەك سۈيىگە تەشنا بولۇپ تۇرغان پەيت، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ سۇغىرىۋېلىش كېرەك، بۇنچىلىك يارىنىڭ كارى چاغلىق!» دەپ ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز سۇ كېچىپ يەر سۇغاردى.

ياڭ چۇنخۋانىڭ ئىنچىكە ئەگىم قاشلىرى جىددى تۈرۈلدى، قاپقارا دۈگىلەك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ياتاققا قايتىپ كېلىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىمىدى، ئۇنىڭ جىددى قىياپىتىدىن بىر نەرسىگە قاتتىق بېرىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىر چاغدا زورەم ئۇنىڭغا چاخچاق ئارىلاش:

— ياڭ دوختۇر، سىز ھەر كېچىسى ئۇنىمۇ كۆرۈپ، بۇنىمۇ ئۆگىنىپ ئۆلىما بولۇپ كەتمەڭ يەنە! — دېدى.

ياڭ چۇنخۋا كىتابتىن بېشىنى كۆتىرىپ، زورەمگە بۇرۇلدى ۋە ئەستايىدىل ھالدا:

— زورەم، يېزىلاردا دوختۇر، دورا كەمچىل، دېخانلار بىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ماھىرلاردىن بولۇشىمىزغا مۇھتاج، شۇڭا ئۆگەنمەي بولامدۇ؟! — دەپ كۈلدى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، — مەن ناسىر شۈجىنىڭ پۇتىنى قانداق قىلىپ تېزراق ساقايتىش ئۈستىدە ئىزلىنىۋاتىمەن، كېلىڭ، بىرگە ئۆگىنىمىز...

زورەم چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ جوزا يېنىغا كەلدى، پەنەر جوزا ئۈستىدىكى كىتاب بىلەن خاتىرىلەرنىلا يورۇتۇپ تۇراتتى، ياڭ چۇنخۋا كىتابتىن بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ، زورەمگە جىددى قۇتقۇزۇش، كېسەل ئالامەتلىرىگە قاراپ توغرا دىئاگنوز قويۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى ناھايىتى ئۇقۇشلۇق قىلىپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئېنىق داۋلىلىرى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، كىرپىك قاقماي ئولتۇرغان زورەمنى پۈتۈنلەي



ئۆزىگە تارتىپ كەتتى، ئەمدى ئۇ مېڭىسىگە قۇيۇلۇۋاتقان بۇ بىلىملەرنى بىرمۇ-بىر خاتىرىلەشكە باشلىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۆگىنىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. بۇ چاغدا، زورەم خاتىرە دەپتىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، بۈگۈن يازغان خاتىرىسىنىڭ يەتتە بەت بولغانلىقىغا كۆزى چۈشتى-دە، ناھايىتى سۆيۈنۈش بىلەن:

— ياڭ ئاچا بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا خېلى بىر نەرسە بىلىۋالدىم، بۇنداق بىلىملەرنى ھەر كۈنى سۆزلەپ بېرىڭ! — دېدى.

ياڭ چۇنخۋا بۇنىڭغا ئەلۋەتتە رازى ئىدى.

× × ×

ياڭ چۇنخۋا قايتا-قايتا تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى ناسىر شۈجىنىڭ كېسىلىگە توغرا دىئاگنوز قويدى: تاقاق بېسىپ چۈشكەن يەردىكى جاراھەت ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملىنىپ، سىرتقى خاراكتېرلىق بوغۇم ياللۇغىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئۇشۇغىغىچە نېرۋىلىرى سەزمەيتتى.

ياڭ چۇنخۋا توقايغا كېلىپ 3-كۈندىن باشلاپ ناسىر شۈجىنى رەسمىي داۋالاشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ ئۆيى شىپاخانىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى، ياڭ دوختۇر كۈنىگە ئىككى قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆز قولى بىلەن ناسىر شۈجىغا ئوكۇل سالاتتى، يارىلىرىنى تاڭاتتى. كېيىن ئۇنىڭ پالەچ بولغان نېرۋىلىرىغا يىڭنە سانجىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە ناسىر شۈجىنىڭ كېسىلى تېزلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. بىر كۈنى ياڭ دوختۇر 3-شياۋدۈيدىكى بىر كېسەلنى كۆرۈشكە كېتىپ ناھايىتى كەچ كەلدى، سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ قاتتىق چارچىغان بولسىمۇ، ناسىر شۈجىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى ئېسىگە كەلدى-دە، دەرھال دورا-دەرمەكلىرىنى تەييارلاپ ئىشىككە ماڭدى، لېكىن زورەم ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— ياڭ ئاچا، ئەتىگەندىن بېرى ئىسسىقتا بىرنەرسە يېمىدىڭىز. سىز تامىقىڭىزنى يەپ ئارام ئېلىڭ، مەن باراي.

— بۈگۈن دورا يەڭگۈشلەيدىغان كۈن، ئۆزەم باراي، سىز ھېلىقى يەرلىك — كېسەللىك توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئىشلىتىۋېتىڭ، — دېدى-دە، يامغۇرلۇق كېچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئۈستىۋېشى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن ياڭ جۈەنخۇا ئىشىكتىن كىرىشىگە ناسىر شۈجى خۇددى ئۇچۇشقا تەلپۈنگەن قۇش بالىسىدەك ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي:

— قىزىم، سېنىڭ بۇ مېھرىۋانلىقىڭغا نېمە دېسەم بولار؟! — ئۇنىڭ ھاياجانلىق كۆزلىرى مولدۇرلەيتتى...

ياڭ دوختۇر ناسىر شۈجىنىڭ يارىسىنى تېڭىپ بولۇپ:

— ناسىر ئاكا، بىز ھەممىمىز سىنىپىي قېرىنداش، ئۆز ئارا غەمخورلۇق قىلىش ئۆزىمىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز! — دېدى.

ئۇ قايتقاندا، يامغۇر شاقىراپ چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى، ئاي قاراڭغۇسىدا ئۇ تېيىلىپ يىقىلىپمۇ چۈشتى، لېكىن ئۇ دورا سومكىسىنى چاپىنىغا ئوراپ، پاتقاق كېچىپ ياتاقىغا قايتتى.



× × ×

ناسىر شۈجىنىڭ كېسىلى خېلىلا شىپا تېپىپ قالدى، خۇددى قۇرۇشقا باشلىغان دەرەخنىڭ تۈۋىدىن يېڭى تۈتىلار شاخلاپ چىققاندەك، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چۈشكۈن كۆڭلى خۇشال، ئۈمىتسىز كۆزلىرى ھاياجانلىق ئىدى... ناسىر شۈجىنىڭ پالەچلىككە قاراپ يۈزلەنگەن ئىككى پۇتىنىڭ تومۇرلىرى ياڭ دوختۇرنىڭ كۈمۈش يىڭنىسىنىڭ شىپالىقى بىلەن ئاستا-ئاستا سىرتقى تەسىرلەرنى سەزدى، پۇتىنىڭ ئۇچىدىكى جاراھىتىمۇ يىرىڭ-زەرداپلىق يارىدىن ئاستا-ئاستا قەقەچكە ئايلاندى. ئەمدى ئۇنىڭ ئېغىر بوغۇم ياللۇغىنى قانداق قىلىپ ئېزەرەك ساقايتىش ياڭ دوختۇرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ئايلىق كۆزىتىشى نەتىجىسىدە بوغۇم ياللۇغى توقايدا ئومۇمىي يۈزلۈك خاراكتېر ئالغان كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى، شۇنداق ئىكەن، ياڭ دوختۇرنىڭ نەزىرىدە بۇ كېسەلگە قارشى خەلقنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا ئۇ، مۇشۇ تەرەپتىن ئىزلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى سەزگەن زورەم بىر كۈنى دەل شۇنىڭ ئۈستىدىنلا چۈشتى:

— ياڭ ئاچا، مېنىڭ ھامام پۇتى ئىششىپ يېتىپ قالغان ئىدى، بىر تېۋىپنىڭ ساقايتقانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيتتى، بىراق بۇ ئۆتمۈشتىكى ئىش دەڭا!...

ياڭ جۈەنخۇا زورەمنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ئالدىراپ سورىدى:

— ھاممىڭىز ھازىر بارمۇ؟

— بار، سىز ئېنىقى كورۇشۇشكە ئۇلگۇرمىدىڭىز، 5 - شىاۋ-
دۇيىدە.
— يۇرۇڭ، مېنى باشلاپ بېرىڭ، — ياڭ چۇنخۇا زورەم-
نىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.
ئۇلار چۈش ۋاقتى بىلەن مومايىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى،
مومايىنىڭ قۇلىقى ئېغىر بولغاچقا، زورەم ئۇنىڭغا ۋاقىراپ تۇرۇپ
مەقسىدىنى ئۇقتۇردى.
— بىلدىم بالام ... — دېدى موماي كوزلىرىنى خىيالەن
يۇمۇپ ۋە يولدىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ سوزلەشكە باشلىدى:
ئەسلىدە، مومايىنىڭ ئېرى مۇشۇ توقايلىقنىڭ تاغ - جاڭگال-
لىرىدا پادا بېقىپ يۇرۇپ، يوقسۇزلۇق دەردىدىن ئىسسىقراق
ئاياق كىيەلمەي، ئاخىرى ئېغىر بوغۇم ياللۇغى بولۇپ، ئىككى
پۇتى تىزىغىچە ئىششىپ يېتىپ قالغان ئىكەن، بەختىگە
يارىشا بىر كۇنى مەھەللىدىن دورا - دەرمەك يىغىشقا چىققان
بىر تىۋىپ ئۇنى كورۇپ بىر قەغەز يېزىپ بېرىپتۇ، يېزىلغان
دورىلارمۇ دەل مۇشۇ توقايىنىڭ ئوزىدىنلا چىقىدىغان ئوت-
چوپلەر ئىكەن. ئەنە شۇ دورىلارنى قاينىتىپ، سىرتقى تەرەپ-
تىن بىر ئايغا يېقىن ئىشلىتىپ، ئاخىرى بوۋاي ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتكەن ئىكەن...
— رەھمەتلىك، كېيىن تاغدىن ئۇلاپ كېتىپ ئالەمدىن
ئوتتى ... — دېدى موماي كوز ياشلىرىنى سۇرتۇپ، — شۇ
دورا زەپلا پايدا قىلغان ئىدى قىزىم، مەن ئۇنى چوڭ قازاندا
قاينىتىپ، سۇيىدە هوردىتاتتىم....
— ھېلىقى قەغەز بارمۇ موما؟ — سورىدى ياڭ چۇنخۇا
ئالمان - تالمان.
— ۋاي قىزىم، قېرىلىقنىڭ كاساپىتى، مەن ئۇنى تەۋەرۇك



قىلىپ ساقلاپ يۇرەتتىم، ئېسىم قۇرۇسۇن، يېڭى ئۆيگە كوچكەن-
دە يوقىتىپ قويدۇم، — موماي يەنە كوز يېشى قىلدى، —
كېيىن ئىزدەپمۇ قازا قىلدى، قوينىمىڭ قوزىسىدەك مومىن ئادەم
ئىدى....
ياڭ چۇنخۇا بىر پەس سۇكۇت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى،
كېيىن بىردىنلا بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، مومايىنىڭ
قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ سورىدى:
— موما، شۇ دورىلارنى تونۇمسىز؟
— ئىسمىشقا تونۇماي قىزىم، بىر ئايغىچە ئوز قولۇم بىلەن
يىغدىم ئەمەسمۇ...
ئۇلار شۇ كۇنى مومايىنى قولتۇقلاپ يۇرۇپ، كەچ كىرگىچە
دورىلارنىڭ كوپ قىسمىنى توپلىۋالدى. قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن ياڭ چۇنخۇا بىرنەچچە كۇنگىچە ھەر خىل جۇڭيى
ئوت - چوپ كىتابلىرىنى كورۇپ، بۇ دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى
ۋە تەسىرى بىلەن تەپسىلى تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى
سىناق قىلىش قارارىغا كەلدى، لېكىن دورىلارنىڭ ئاساسلىق
بىرى بولغان قارا ئەمەن مەھەللە ئىچىدە يوق ئىدى، موماي-
نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پەقەت توقايلىقنىڭ جەنۇبىدىكى يارلىق
ئۇستىدە ئانچە - مۇنچە ئوسۇپ قالىدىكەن.
مانا بۇگۇن ياڭ دوختۇر ئەنە شۇ يارلىققا بېرىپ قارا ئەمەن
يىغىپ كەلمەكچى بولدى.
— مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى زورەم ئىلتىجا بىلەن، —
يول بىلمەيسىز.
— خىزمەت ئورنى بوش قالسا بولماس، — دېدى ياڭ
چۇنخۇا سوئال نەزىرىدە، — سىز بۇ يەردىن ئاجرىماڭ، مەن
بېرىۋېرەي! شۇئىداق قىلىپ، ئىنىچامغىنا كىيىنگەن ياڭ دوخ-

تۇر كىتاپ بىلەن نان سېلىنغان سومكىسىنى بوينىغا ئېسىپ، كەمەر باغلىغان بېلىگە ئوتكۇر بىر كەكىنى قىستۇرۇپ يولغا چىقتى. توقاينىڭ جەنۇبىدىكى بۇ قاقاس يارلىق دادۇي چېگرىسىدىن ئۇچ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، يىراقتىنلا چوخچىيىپ كورۇنۇپ تۇراتتى. ياڭ چۇنخۇا ئېتىز - ئېرىقلارنى ئارىلاپ، خۇش نەپەس ئاۋاز بىلەن «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن ناخشىنى ئېيتقىنىچە بىردەمدىلا يارلىققا بېرىپ قالدى. ئۇ، يولدىن ئېلىشۋالغان بىر تاياقنى هاسا قىلىپ، كىشىلەر ئىز سالغان ئەگرى يوللار بىلەن يۇقۇرى ئورلەشكە باشلىدى. بۇ يولنىڭ بەزى جايلىرى خۇددى كارىدورغا ئوخشاش تار، ئىككى تەرىپى تىك يار ئىدى، ياڭ چۇنخۇانىڭ يۇز - كوزلىرىدىن تەر تەپچىپ چىقىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسىغا جور بولغاندەك، تەرەپ - تەرەپتىن ئاللىقانداق قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى؛ ئۇلار غۇي - غۇي ئۇچۇشۇپ ياڭ چۇنخۇانىڭ بېشىدىن، يېنىدىن ئۇياق - بۇياققا ئەگىيتتى، ئۇنىڭ ئايىغىدا بولسا، سالما بىلەن پاتمىچۇقلار كامارغا شۇڭغۇپ، بۇ يەرنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان بۇ يېڭى مېھمانغا ماراپ قارىشاتتى...

ئۇ خېلىلا چارچىدى، تۇرۇپ ئوپكىسى ئاغزىغا تىقىلغانىدەك نەپىسى قىسىلاتتى. بەزى يەرلەر شۇنچە تىك ئىدىكى، پەقەت پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن تىرەجەپ ئورلەشكە، ھەتتا بەزىدە ئومىلەپ يامىشىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ، بىر كىشى ئاران سىغىدىغان يانباغرى يولدىن يېنىچە يۇقۇرى سىلجىپ كېتىۋېتىپ، تۇۋەنگە قارىدى: قارىدىيۇ، بېشى قايغاندەك بولۇپ، دەرھال كوزىنى يۇمۇۋالدى، يائاللا! ئاۋۇ ھاڭنىڭ دەھشەتلىكىنى! ياڭ چۇنخۇا پەستىكى كوككە باش تىرىگەن سۇۋادان تې-



رەكلەرنىڭ خۇددى قولىدىكى ھاسا تاياقتەك كىچىكلىكىنى كورۇنگەنلىكىگە قاراپ، ئوزىنىڭ خېلى ئېگىزگە چىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بوينىدىكى لوڭگىسى بىلەن جىنەستىدەك قىزارغان يۇزىنى سۇرتتى ۋە پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغان سېكىلەكلىرىنى ئۇستىگە قايرىپ، تۇۋەنگە قارىدى: پاھ!...... نېمە دېگەن گۇزەل دۇنيا - ھە؟! ئۇ ئوزى ياشاۋاتقان توقاينىڭ بۇنچىلىك كوركەملىكىنى تېخى ھېس قىلمىغان ئىكەن. ياڭ چۇنخۇانىڭ قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى. ھەر بىر سالا ئېتىز، ھەر بىر ئېرىق - ئوستەڭ، ھەر بىر ئورمان بەلۋىغى، ھەر بىر مەھەللە - ئويلەر ئۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ قەدىرلىك، مانا شۇ يەرلەرنى خۇددى يېشىل مەخمەلدەك، سېرىق شايىدەك، قىزىل ئەتلەستەك گۇزەللەشتۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ سۇيۇملۇك بىلىندى......

يارلىق ئۇستىدە غۇر - غۇر سوقۇۋاتقان يېقىملىق كوز شامىلى ياڭ چۇنخۇانى خېلى سەگىتتى. ئۇ ئەمدى تەبەتنىڭ يارلىق ئۇستىدىكى موجىزىلەرگە قىزىقىپ ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوسۇپ قالغان ئوت - چوپلەر ئارىسىدىن قارا ئەمەننى ئىزلەشكە باشلىدى. ئەنە، ئەنە!........مومايىنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن، قاراڭ، ئۇنىڭ گۇپپۇلدەپ پۇراپ تۇرغىنىنى! ياڭ چۇنخۇا يىراقتىنلا ئېگىز ئوسكەن بىر توپ قارا ئەمەننى كورۇپ، شۇ ياققا باردى، لېكىن ئەمەننىڭ يېنىغا كېلىپلا چىپىيىدە توختاپ قالدى. باپىر، بۇ نىمىدۇ؟! ئۇنىڭ ئالدىدا كەكە سېپىدەك ئاپپاق بىرنەرسە تۇگۇلۇپ ياتاتتى. بىلان، زەھەرلىك يىلان! ياڭ چۇنخۇانىڭ پۇتۇن بەدىنى شۇركۇنۇپ، پېشانىسىدىن سوغاق تەر چىقىپ كەتتى. ياڭ چۇنخۇا بۇنداق مەخلۇقلارنى كىتاپتىن كورگەن، لېكىن ئوزى يالغۇز يۇرگەن بۇنداق ئېگىز



www.uyghurkitap.com

يار ئۇستىدە بۇ سۇرلۇك دۇشمەنگە يولۇقۇپ قېلىشنى خىيا-
لىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي
قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدى. ياڭ چۇنخۇا قانچىلىك
ۋاقىت شۇ ھالەتتە تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.
خۇداغا شۈكۈر! يىلان ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئەم-
دى يىلاننى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلدى ـ دە، قولىدىكى كەك-
نى شۇنداق چىڭ تۇتتىكى، بېجىرىم بارماقلىرى كەكىنىڭ
سېپىغا چىرمىشىپلا كەتتى. ئۇ، ئىككى پۇتىنى كەڭ كېرىپ
تۇرۇپ، كەكىنىڭ جۇلدىسى بىلەن يىلاننىڭ سۇرلۇك بېشىنى
نىشانىغا ئېلىپ بارلىق كۈچى بىلەن ئۇردى، بۇ چاغدا ئۇ
كوزىنى يۇمۇۋالغان ئىدى. قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ يەل-
كە، يۈز ـ باشلىرىغا قامچىدەك تەككىنىچە «پاققىدە» قىلىپ يەر-
گە چۈشتى. ياڭ چۇنخۇا كوزىنى ئېچىپ قارىدى، ئۆزىدىن ئىك-
كى قەدەم نېرىدا بېشى كېسىلگەن يىلاننىڭ ئىمجان تېنى
ئۈيياق ـ بۇ ياققا قاڭقىپ تىپىرلايتتى. ياڭ چۇنخۇا ئەمدى ھاسا
تايىغى بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرۇپ يىلاننى ئۈزۈل ـ كېسىل تىن-
جىتتى. «كۆتۈلمىگەن ئولجا، ــ دەپ شىۋىرلىدى ياڭ چۇنخۇا
يىلاننى ئەمەن بىلەن ئوراۋېتىپ، ــ سېنى كۈتۈپ تۇر-
غان قانچە كېسەللەر بار ئىدى ـ ھە؟!......»

## II

توقاينىڭ بۇ يىللىق باھارى تولىمۇ گۈزەل كەلدى، بۇ گۈ-
زەللىك يالغۇز تەبىئەت دۇنياسىدىكى كىشى كوڭلىنى مەپتۇن
قىلىدىغان رەڭدارلىق بىلەنلا ئەمەس، بەلكى توقايلىقلارنىڭ
غەيرەت ـ جاسارىتىنىڭ يۈكسەكلىكى، ئۆزئارا قانات يايغان



سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىقى بىلەن ئىپا-
دىلىنەتتى. مانا شۇنداق شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك كۈنلەرنىڭ بى-
رىدە بەش جىڭلىق كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ، ئېشتىنىڭ
پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان ناسىر شۇجى يېشىل مەخمەل-
دەك يېيىلىپ ياتقان بۇغدايلارغا گەجگى سۈيى تۇتۇۋاتقان
سۇچىلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ تېخى قارلار ئەمدىلا
ئېرىگەن، توقاينىڭ قىشلىق، ئاق كىيىمى ئورنىغا قوڭۇر كې-
يىملەر ئالماشقان باش ئەتىياز كۈنىدە بىرىنچى قېتىم تالاغا
چىققان ئىدى. ئۇنى ياڭ چۇنخۇا قولتۇقلاپ مەھەللىلەرنى ئارى-
لىتىپ ئاستا ماڭاتتى. بۇ كۈنى مەھەللىلەر خۇددى بىر بايرام
تەنتەنىسىگە چومگەندەك خوشاللىققا تولدى. ئۇلارنى ئورىۋال-
غان كىشىلەر خۇددى ئاتا ـ بالىدەك كېتىۋاتقان بۇ ئىككىسى-
نى تەبرىكلەيتتى. ناسىر شۇجىنىڭ شۇ كۈنكى ئىچكى دۇنيا-
سىنى ئىپادىلەش ھەقىقەتەنمۇ تەس! تۇرمۇشتا بەزىدە ئەنە شۇن-
داق تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان ھاياجانلىق مىنۇت-
لار بولىدۇ. باش باھار قۇياشىنىڭ سۇس شولىسىدا ئۇنىڭ
يوغان ئېچىلغان كوزلىرىدە غىلدىرلاپ تۇرغان ئىككى تامچە
ياش خۇددى سىماپتەك يالتىرايتتى، مانا بۇ ئۇنىڭ چىن قەل-
بىدىن ئۇرغۇپ چىققان خوشاللىق يېشى...
بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولغاچقا، ناسىر شۇجى كۈزگى بۇغ-
دايلارنىڭ گەجگى سۈيىگە قانماي قېلىشىدىن كېچە ـ كۈندۈز
ئەنسىرەيتتى، مانا شۇ ئەنسىزلىك بۈگۈن ئۇنى سۇچىلارنىڭ
يېنىغا سورەپ چىقتى. ئۇنى يىراقتىنلا كورگەن ئىككى سۇچى
يىگىت يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئارىغا ئېلىۋالدى:
ــ سىزگە بۇ يەردە نىمە ئىش؟! ئەمدى ئەيۋەشكە
كەلگەن پۇتنى يەنە سۇغا تىقىپ خىمىغا ياندۇراي دەمسىز؟! ــ

دىدى بىرسى ئۇنىڭ كوزىگە كىرىپ.
— شۇ تاپتا ياك دوختۇر كېلىپ قالسا ئىدى، راسا ئەدە-
ۋىڭىزنى بېرەتتى، — دىدى يەنە بىرسى ئۇنىڭغا كويۇنۇپ.—
ناسىر شۇجى، سۇدىن خاتىرجەم بولۇڭ! قان - تەرىمىز بىلەن
بولسىمۇ كۆزگى بۇغدايلارنى گەجگى سۇيىگە قالدۇرمىز!
ناسىر شۇجى دولىسىدىكى كەتمەننى قولىغا ئېلىشقا جۇرئەت
قىلالمىدى. تەپسە تومۇر ئۇزگىدەك قاۋۇل كەلگەن بۇ ئادەم-
نىڭ رەڭگى - روپى تېخى دىگەندەك ئەسلىگە كېلەلمىگەن، كوز
چاناقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئوز ۋاقتىدىكى كۇچ - غەيرەت ئۇرغۇپ
تۇرىدىغان مىس رەڭلىك پاقىراق يۇزلىرى يەنىلا قانسىز، ئاقىر-
رىپ تۇراتتى. سۇچى يىگىتلەر بىر ئامال قىلىپ ناسىر شۇجى-
نى قايتۇرۇۋېتىش ئۇچۇن تۇشمۇ - تۇشتىن پەندى - نەسىھەت
قىلىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئون قەدەم نېرىدا «شار - شار» قىل-
غان ئاۋاز ئاڭلاندى، ھەممىسى تەڭلا شۇ تەرەپكە قارىدى.
بىر پارچە سالا ئېتىزنىڭ كوتەمە قىلغان يېرىدىن سۇ بوسۇپ
كەتكەن ئىدى. ئىككى يىگىت ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ يارنى
ئېتىشكە كىرىشتى. ناسىر شۇجى سۇغا كىرىشكە تەمشىلىۋىدى،
ئۇنى تۇيۇقسىز بىر قول تۇتۇۋالدى. بۇ ياك چۇنخۇا ئىدى.
ناسىر شۇجىنىڭ ئورنىغا سۇغا قىز سەكرەپ چۇشۇپ سۇچى-
لارغا ياردەم قىلدى.
ئۇلار ئەمدى ئېتىلگەن يارنى چىڭداپ مۇستەھكەملەپ تۇ-
راتتى، يىراقتىن يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر قىزچاقنىڭ ئەنسىز
ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ياك ئاچا...... ياك دوختۇر! — قىزچاق كوپ يۇگۇر-
گەن بولسا كېرەك، ئاۋازى بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقاتتى.
ياك چۇنخۇا لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋاز چىققان تە-



رەپكە قارىدى.
— ياك ئاچا......ئاپام بولالمىدى......— 13 ياشلىق
بۇ قىزچاق ياك چۇنخۇانىڭ يېنىغا كېلىپلا بۇقۇلداپ يىغلاپ
كەتتى. ياك چۇنخۇا ئۇنى تونۇدى. ئۇ، 3 - شياۋدۇيدىكى نا-
ۋانخانىنىڭ تۇنجى قىزى بوستان ئىدى. ياك چۇنخۇا بوستان-
نىڭ كوزلىرىدىكى غەملىك ياشلىرى بىلەن مەسۇم چىرايىدىكى
بىسەرەمجانلىقنى كورۇپ، كېسەل ئەھۋالىنىڭ جىددىيلىكىنى
سەزدى - دە، ئىچىگە لىق لاي توشقان ئايىغىنى شۇ يەرگىلا
سېلىپ تاشلاپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلىغىنىچە 3 - شياۋدۇيگە قاراپ
يۇگۇردى......

★

زورەم 4 - شياۋدۇيدىكى باللارغا چېچەك سۇيى سېلىش
ۋەزىپىسىنى بۇگۇن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەتراپنى خىرە - شىرە
قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغدا شىپاخانىغا قايتىپ
كەلدى. ھازىر شىپاخانا بۇرۇنقىدىن خېلىلا كېڭەيگەن، ياك
چۇنخۇا ئادەتتىكى جىددى ئوپېراتسىيەلەرنى ئىشلەيدىغان مەخ-
سۇس جاينىمۇ ئالاھىدە سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئوزى شىپاخانىنىڭ
يېنىغا سالغان كىچىك بىر ياتاققا كوچۇپ چىققان ئىدى.
زورەم كوپ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ھەمرا بولاتتى، بەزىدە بول-
سا ئويىگە قايتىپ كېلەتتى. مانا بۇگۇن بۇلارنىڭ كورۇشمى-
گىنىگە بىرنەچچە كۇن بولۇپ قالغان ئىدى. زورەم شىپاخانى-
نىڭ قوراسىغا كىرىپلا ياك چۇنخۇانىڭ كىچىككىنە پەنجىرىسى-
دىن چىراق شولىسى چۇشۇپ تۇرغانلىغىنى كوردى - دە، خۇ-
شاللىغىدىن ئوزىنى ئىشىككە ئاتتى.

— ياك ئاچا...... — زورەم ئاددىلا سەرەمجانلاشقان ياپاقنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا تۇرۇپ قالدى، ياك چۈنخۇا بېشىنى پۈركەپ كارۋاتتا دۈم ياتاتتى.

— ياك ئاچا! — زورەم سومكىسىنى دەرىزە تەكچىسىگە قويدى - دە، ياك چۈنخۇانىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ غولىنى ئاستا سىلىدى، — بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

ياك چۈنخۇا ئاستا بېشىنى كۆتەردى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ئىدى. ياك چۈنخۇانىڭ ۋۇجۇدىدىن زادىلا بۇنداق ھالەتنى كۆرۈپ باقمىغان زورەمنىڭ ئىچى سېرىلدى. ئۇ غەمكىن ئاۋازدا يەنە سورىدى:

— ياك ئاچا، سىزگە نېمە بولدى؟ بىر يېرىڭىز قاتتىق ئاغرىۋاتامدۇ - يە؟

ياك چۈنخۇا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— زورەم، ھەرقانچە ئاغرىسامۇ كۆزۈمدىن ياش چىقماس ئىدى، — دېدى ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، — ناۋاتىخان ئاچامنىڭ تۇغۇتى ئۈستىدە بىر كېچە - كۈندۈز بولدۇم...، ئانىنى ساقلاپ قالغان بولسامۇ...... لېكىن بوۋاقنى...

ياك چۈنخۇا سۆزىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، بىردىنلا زورەمگە بۇرۇلۇپ سەمىمىي ھالدا دېدى:

— زورەم، مەن ئىلگىرى بېيتيۇندىن ئۆگىنىشتە قەلبىمنى خەلققە بېغىشلاش ئاملا بولدى، دەپ قارايتتىم، لېكىن ئۇنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدىكەن. مەن ھازىر خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن يەنىلا بېيتيۇنغا ئوخشاش تېخنىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر بىلىۋالدىم......



مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ياك چۈنخۇانىڭ مەشغۇلات ۋاقتى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇ ھەر كۈنى شۇنچە كېسەللەرنى كۆرۈپ، شۇنچە ئېتىمز - ئېرىق، مەھەللە - ئۆيلەرنى ئارىلاپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي داۋالاش تېخنىكىسىنى ئەتراپلىق ئىگەللەش ئۈچۈن كۆپ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈردى.

بىر كۈنى كەچ سائەت 2 دىن ئاشقان ئىدى. بىر ئۇخلاپ ئويغانغان زورەم ئۇنىڭ يەنىلا كارۋات بېشىغا ئېسىلغان تۇگمە، يىپلار بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ناھايىتى تېز، ئەپچىل ھەركەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جوزا ئۈستىدە چېكىلداپ تۇرغان سائەتكە بىر مىنۇت قارىدى - دە، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ:

— ياك ئاچا، ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپسىز، ئەنە قاراڭ، مىنۇتىغا 8 نى چېگىدىڭىز، — دېدى.

ياك چۈنخۇا بىر ئاز ئويلىنىپ، زورەمنىڭ يەلكىسىدىن تۇتتى:

— تېخى ئانچە ئەمەس، زورەم، پەلەي كىيمەي چېگىش، ئوپېراتسىيە ۋاقتىدىكى پەلەي كىيىپ چەككەنگە ئوخشىمايدۇ. مەن ھازىر مىنۇتىغا 8 نى چېگەلىسەم بىلەن، پەلەي كىيگەندە ئانچە كۆپ چېگەلمەيمەن، شۇڭا يەنىلا مەشق قىلىشىم كېرەك!

قوش مېغىزدەك بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى سەپداش كۆلكە - چاخچاقلار بىلەن بىر - بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر - بىرىگە ئىلھام بېرىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ئاردىن ھەپتە ئۆتۈپ، بىر بازار كۈنلىكى ياڭ جۇنخۇا قوينىڭ بىر يۇرۇش خام ئۇچىيىنى سېتىۋېلىپ كەلدى. بۇ كۈنلەردە يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بىرنەچچە كېسەل بار ئىدى. زورەم ياڭ جۇنخۇانىڭ قولىدىكى ئۇچەينى كۆرۈپ:

— ياڭ ئاچا. بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى ھېسىپ قويۇپ كېسەللەرنى مېھمان قىلامسىز نېمە؟ — دېدى كۈلۈپ.

ياڭ جۇنخۇا ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ:

— ئۆتكەندە كارۋات بېشى، ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتىغا ئېسىلغان تۈگمە، يىپلارنى نېمە ئۈچۈن قىلدۇق؟! سوئال نەزىرىدە سورىدى مىيىقىدا كۈلۈپ.

زىرەك زورەم دەرھاللا چۈشەندى، ئۇنىڭ بىر جۈپ چېچەن كۆزلىرى ياڭ جۇنخۇانىڭ تەلەپچان چىرايىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى.

— ئېھ، جۇنخۇا! سىزنىڭ خىيالىڭىز نېمە دېگەن كەڭ، نېمە دېگەن پاك - ھە؟!

III

يازنىڭ سەرتان ئىسسىقلىرى ئۆتۈپ، كۈزنىڭ غۇر - غۇر شاماللىق سالقىن كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. پۈتۈن توقاي كۆزلۈك يىغىم - تېرىمنىڭ جىددىلىكى بىلەن كۈننى تۈنگە ئۇلاپ جەڭ قىلماقتا. بۇ كۈنلەردە ياڭ جۇنخۇا بىلەن زورەمنىڭ ئالدىراشلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ! كىمنىڭ قولىنى ئوغاق كەستى، كىمنىڭ پۇتىنى تولۇق بېسىۋالدى، كىمنىڭ بېشى ئاغرىپ، ئىچى سۈردى...... ئۇلار «ۋاي - ۋۇي......» دەپ ئەتراپقا قارا - قارىماي يېنىدا ياڭ جۇنخۇا بىلەن زورەم



پەيدا بولىدۇ. ياڭ جۇنخۇانىڭ ئىللىق چىرايى بىلەن ... مۇئامىلىسىلا بۇ «دەرتمەن» لەرنىڭ دەردىنى پەسەيتىپ بەرگەن دورىسى بىلەن ئورغان ئۇكۇللىرى شۇ ھامانلا ئۇلارنىڭ كېسىلىنى بەدىنىدىن بۇلۇپ چىقىرىۋەتكەندەك خۇشاللىق بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ......

ئەنە شۇنداق ئالدىراش، لېكىن كۆڭۈللۈك كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى ياڭ جۇنخۇانىڭ ئىشىكىنى بىرسى ئۇرۇپ قالدى. تېخى ياتقىنىغا 4 سائەت بولمىغان ياڭ جۇنخۇا چۆچۈپ ئويغاندى - دە، دەرھال كىيىنىپ ھويلىغا چىقتى، ھويلىدا قول ھارۋىسىغا ياتقۇزۇلغان بىر كېسەل تۇراتتى. كېسەلنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ناسىر شۇجى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

— قىزىم، ساڭا زادىلا ئارام بەرمەيدىغان بولدۇق، — دېدى ناسىر شۇجى ئىچ كۆيەرلىك بىلەن، — شۇ كۈنلەردە ئۆزەڭنىڭمۇ سالامەتلىكىڭ......

— ۋايىەي، بۇ ياقۇپ دۈيجاڭمۇ...... — ياڭ جۇنخۇا دەرھال ناسىر شۇجىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ كېسەلگە يۈزلەندى. 3 - شياۋدۈينىڭ بۇ داڭدار پىشقەدەم دۈيجاڭى ھارۋىدا ئىڭراپ ياتاتتى.

— ھە، ياقۇپ دۈيجاڭ، — دېدى ناسىر شۇجى ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، — بىرنەچچە كۈندىن بېرى قوسىقى ئاغرىپ يۈرۈپتىكەن، يەنىلا خامانىدا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەۋېرىپتۇ، مەنمۇ تۈنۈگۈندىن بېرى شۇ يەردە ئىدىم. كېچىچە زادىلا بولالمىدى.

ياڭ جۇنخۇا كېسەلنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە باشلىدى. كېسەلنىڭ قوسىقى كۆپۈپ پۈتۈلگەن



www.uyghurkitap.com

دوۋساقتەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ياڭ چۇنخۇا بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن قىسقا ـ قىسقا سوئاللارنى سورىدى:

— كېسەل قۇستىمۇ؟

— تۈنۈگۈندىن بېرى نەچچە قېتىم قۇستى.

— يەل ماڭامدۇ؟

— ياق ...... — كېسەل ھالسىز ئاۋازدا بېشىنى ئىغتتى.

— ئاغرىغاندا قانداق ئاغرىيدۇ؟

ياقۇپ دۇيجاڭ جاۋاپ بېرىۋېتىپ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. كېسەلنىڭ ئەھۋالى ياڭ چۇنخۇا ئۈچۈن روشەن ئىدى. ئۇ، ناسىر شۇجىنى بىر چەتكە تارتىپ ناھايىتى جىددى، لېكىن تەمكىن ھالدا:

— ناسىركا، كېسەل خەتەرلىك! ئۈچەي توسىلىپ قالغان، — دېدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — ناسىر شۇجى ياڭ چۇنخۇانىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چاناقلىرى ئىچىدىكى چوغدەك يېنىپ تۇرغان كوزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاۋال ئۈچەيدىكى سۈيۈقلۇقنى نەيچە بىلەن تارتىپ باقايلى، ئەگەر ئۇنىڭدا ياخشى بولمىسا، ئىككىنچى قەدەمنى ئويلىشارمىز، — دېدى ۋە دەرھاللا داۋالاشقا تەرەددۇت قىلدى.

كېسەلنىڭ بۇرنىدىن ئاشقازانغا كىرگۈزۈلگەن كىچىك نەيچە ئۈچەيدىكى سۈيۈقلۇقنى، شوراپ چىقىرىشقا باشلىدى؛ لېكىن سۈيۈقلۇق بىرئازلا چىقىپ توختاپ قالدى، كېسەل



قاتتىق بىر ئىنجىق بىلەن يەنە ئازاپلىنىشقا باشلىدى. ياڭ چۇنخۇا يۈرەكنى تىڭشىۋىدى، يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېز، نەپەس بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتاتتى. ياڭ چۇنخۇا ناسىر شۇجىنى يەنە بىر چەتكە تارتتى.

— ناسىركا، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئوپېراتسىيە قىلماي بولمايدۇ!

— نەدە قىلىمىز؟! — ناسىر شۇجى سەل تېڭىرقاپ قالدى.

— دەرھال گۇڭشېغا ئېلىپ بارايلى! — دېدى ياڭ چۇنخۇا.

ئۆكتەبىر قۇياشىنىڭ ئوتكۇر نۇرى توقاينى ئالتۇن زەرگە پۈركىگەن ئاشۇنداق كوركەم سەھەرلىكى ياقۇپ دادۇيجاڭنى ئوپېراتسىيە قىلىش تەييارلىقى باشلاندى...

ياڭ چۇنخۇا تۇنجى قېتىم ئوپېراتسىيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باشلىدى. ئۇ بۇ قېتىم باش دوختۇرلۇق ۋەزىپىنى ئۆتىگەن، زورەم باشقا ياردەمچىلەر بىللە ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقتا ئىدى...

— ۋاي ...... ۋاي! ...قان بېسىمى تۆۋەنلەپ كەتتى، ياڭ دوختۇر......

ياڭ چۇنخۇا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ باۋجەنيۈەن يىگىتنى تەمكىن بولۇشقا ئۈندىدى ۋە ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، كېسەلنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى كۆزەتتى. ئاپلا!... كېسەلدە راستىنلا جىددى ئۆزگىرىش يۈزبەرگەن ئىدى. كوپ قۇسۇش ۋە يەل ماڭماسلىق سەۋەبىدىن كېسەل بەدىنىدىكى كالىيى بىلەن كالتسىينىڭ تەڭپۇڭلۇغى بۇزۇلۇپ، كىسلاتالىق زەھەرلىنىش يۈزبەرگەن ئىدى......

زورەمنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ، يۈزى تاتىرىپ كەتتى،

ياڭ چۇنخۋا بولسا، ئۆزىنى تەمكىن، خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشاتتى، لېكىن ئۇنىڭمۇ ماڭلىيىدىن ئېقىۋاتقان مۇنچاق-مۇنچاق سوغاق تەر روھىي جەھەتتىن خېلىلا جىددىيلىشىپ قالغانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. بىراق بۇ تەمتىرەپ تۇرىدىغان يەر ئەمەس، ھايات-ماماتلىق جەڭ مەيدانى، ۋاقىت بۇ غەلىبىنىڭ كاپالىتى!

ياڭچۇنخۋانىڭ پۈتۈن ئەقىل-ئىدرىكى خۇددى موتوردەك ھەركەتكە كېلىپ» زېھنى خۇددى كىنو ئېكرانىدەك ھاللىدە ئېچىلدى. توغرا، تېخى ئۆتكەندىلا ئوقۇغان تاشقى كېسەللەر ئوپېراتسىيىسىگە دائىر كىتاپتا كۆرسىتىلگەن كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار شۇ ئەمەسمۇ؟! ئەنە، كۆزەينەك تاقىغان، ئاق چاچلىق ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك بولدى...... ھە، توغرا! ئۇنىڭ چارىسى دەل شۇ.

ياڭچۇنخۋانىڭ تەمكىنلىكى بىلەن خاتىرجەملىكى زورەمدىكى ۋەس-ۋەسىنى يوقاتتى؛ ئۇ چاقماق تېزلىكىدە سۇيۇقلۇقلارنى تەييارلىدى. ئاسما ئوكۇل كېسەلنىڭ بىلىكىدىن؛ پۇتىدىن كىرگۈزۈلدى. قان بېسىمىنى ئۆلچەپ تۇرغان يىگىتنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمۇ سىماپ تاياقچىسىنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ قىزىرىشقا باشلىدى......

خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. ياڭچۇنخۋا ئەمدى قوساقنىڭ سىرتىغا چىقىرىلغان ئۈچەيلەرنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ، تەسلىكتە تولغاشقان يەرنى تاپتى-دە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئوڭشاپ، ئۆز ئورنىغا كەلتۈردى. ئەمدى ئۈچەيلەرنى ئۆز تەقسىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۈستۈنكى تەرەپتىكى ئۈچەيلەر كۆپۈپ؛ پالەچ ھالغا كېلىپ قالغاچقا، ئۇنى ئۆز ئورنىغا سىغدۇرۇش مۇمكىن بولمىدى.



www.uyghurkitap.com

زورەمنىڭ پۈت-قولىدا ماغدۇرى قالمىدى، ھازىر قايسى ۋاقىت بولغاندۇ؟ ئۇ، كۆزىنىڭ قىرى بىلەن «ئوپېراتسىيەخانا»نىڭ يورۇق دەرىزىسىدىن غەرپكە قاراپ يانپاشلىغان كۈننىڭ سۇس شولىسىنى كۆردى.

ياڭچۇنخۋا چوڭ ئىسكەنسلىق شىپرىس بىلەن كۆپۈپ كەتكەن ئۈچەيلەردىكى گاز ۋە سۇيۇقلۇقلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۈمۈرۈپ چىقىرىپ، ئوپېراتسىيىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇردى.

— قىزىم، ئەھۋال قانداقراق؟ — ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن ناسىر شۇجى ياڭچۇنخۋانىڭ قولىنى تۇتتى.

— ياخشى، [illegible]... ياخشى، ئىككى-ئۈچ كۈنگە قالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، — دېدى ياڭچۇنخۋا ھالسىز ئاۋازدا.

بىردەمدە ئۆي ئىچىگە كېسەلنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى توشۇپ كەتتى. ئۇلار ياڭچۇنخۋاغا مەدھىيە ئوقۇشتى، خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىشتى، لېكىن شۇ تاپتا ياڭچۇنخۋانىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىنىپ تۇراتتى، پۈت-قولى بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ، بەدىنىدىن مۇنچاق-مۇنچاق سوغاق تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ شىپاخانىدىن چىقىپ ياتىقىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى-دە، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياتاققا چىققان زورەم يەردە سوزايلىنىپ ياتقان ياڭچۇنخۋانىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپلا يىغلاپ سالدى:

— ياڭ ئاچا! ... ياڭ ئاچا!......

كىچىككىنە ياتاق ئادەم بىلەن تولدى، ناسىر شۇجى ئۇنى كۆتۈرۈپ كارۋاتقا ياتقۇزدى، زورەم ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ياڭچۇنخۋانىڭ قان تەركىۋىدە شېكەر بادىسى ئازىيىپ كېتىش كېسىلى قاتتىق قوزغىغان ئىدى......

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ياڭچۇنخۇا زور غەيرەت بىلەن كۆزىنى ئېچىپ، يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان زورەمگە پەس ئاۋازدا دېدى:

— زورەم...... دەرھال كېسەل يېنىغا چىقىڭ...... ھازىرلا...... ئۆگىنىشلىپ قالىمەن...... — ئەمدىلا ھوشىغا كەلگەن ياڭچۇنخۇا ئەتراپىدا تۇرغان تونۇش چىرايلارنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى بىلەن لەۋلىرىدە يېقىملىق كۈلكە ئەگىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— ياڭ دوختۇر، سىز يەنە دەم ئېلىشقا دىققەت قىلمىسىڭىز بۇندىن كېيىن بىزمۇ كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمەيمىز! — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

— سالامەتلىك ئىنقىلاپنىڭ دەسمايىسى قىزىم، — دېدى ناسىر شۇجى ئۇنى مېھرىۋانلىق بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ.

— توغرا، ناسىر كا، شۇڭا ئىنقىلاپنىڭ دەسمايىسىنى ئىنقىلاۋىي ئىشلارغا ئىشلىتىشتىن قاچماسلىق كېرەك! مەنمۇ بۇنى سىزدىن ئۆگەنگەن!

ياڭچۇنخۇانىڭ يۈرەك سۆزلىرى خۇددى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت تەپتىدەك ئويدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىسسىق بىر ھارارەت بەخش ئەتتى.

بۇ ئۆز سۆزلۈك قىز ھەقىقەتەنمۇ دىگىنىنى قىلدى. پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان قىزىتما ئۇنى چۆچۈتەلمىدى، پۈتەقولىدىكى مادارسىزلىق ئۇنى ياتقۇزالمىدى. قەيەردە كېسەل بولسا، ئۇ ئۆزىنى شۇ يەرگە ئاتاتتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جىددى قاتىلاڭچىلىق كۈنلىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال تەرى بىلەن مول ھوسۇللۇق خوشال كۈنلەرنى كۈتۈۋالدى......



## IV

خۇددى ياپ-يېشىل ئۆسۈپ، تولۇق دان تۇتۇشقا باشلىغان بۇغداي مايسىلىرىغا تۇيۇقسىز ھال چۈشۈپ ساغىرىشقا باشلىغاندەك، ياڭچۇنخۇانىڭ كېسىلىمۇ ئاخىرى ئۇنى يىقىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچتى. بادام قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئالمىدەك مەڭزى تاتىرىپ قالدى. لېكىن ئۇ روھى جەھەتتىن يەنىلا جۇشقۇن، تېتىك ئىدى. ئۇ، زورەمنىڭ دەم ئېلىش ئۈچۈن قىلغان دەۋەتلىرىگە تەسەللى بېرىپ:

— كېسەلگە نىسبەتەن ئادەمدە كۈرەش ئىرادىسى بولۇش كېرەك، ئۇمۇ بىر دۈشمەن ئەمەسمۇ، سەن بوش تۇرساڭ، ئۇ بوزەك قىلىدۇ! — دەيتتى.

ئۇ، بىر كۈنى كەچتە — پۈتۈن توقاي شىرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن جىمجىت ئايدىڭ كېچىدە ياتاقتىكى ئاددىيغىنا جوزىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ، پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى يازدى، ئۇ قالتىس ھاياجانلىنىپ، ئاخىرقى جۈملىلەرنى ئىچىدە تەكرارلىدى: «مەن بارلىقىمنى پارتىيىگە بېغىشلاپ، كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى نەپسىگىچە كۈرەش قىلىمەن!...»

ئوكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ياڭچۇنخۇانىڭ تۇيۇقسىزلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى. زورەم ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ، ھەر خىل ئاماللارنى قىلاتتى، لېكىن، ئەتىسىمۇ ئۇنىڭ قىزىتمىسى يانمىدى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ھوشىدىن كېتەتتى، ئۇ شۇ ھالدا تۇرۇپمۇ زورەمگە قايتا-قايتىلاپ:

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، شىپاخانىدىن ئايرىلماق،
كېسەل كەلسە كۈتۈپ قالىدۇ... — دەپ جېكىلەپ تۇراتتى.
بىچارە زورەمگە ئامال قانچە؟! ئۇ، كۆزىدە غىلدىرلاپ تۇرۇ-
غان ياشلىرىنى تەسلىكتە ئىچىگە يۇتۇپ، شىپاخانىغا چىقىپ
كېتەتتى...

ياڭچۇنخۇانىڭ يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى بىردەمدە پۈتۈن
توقايغا تارالدى، ئۇنىڭ كىچىككىنە ياتاق ھوجرىسىغا ئۈزۈل-
مەي كىرىپ - چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كوپلۇگىدىن يېشىل سىر
يالىتىلغان بوسۇغا بىر كېچە - كۈندۈزدىلا ئاقىرىپ كەتتى،
ياڭچۇنخۇانىڭ كارىۋات بېشىدىكى شىرە ئۈستى نەشپۈت، ئانار-
لار بىلەن توشتى، دەرىزە تەكچىسىدە بولسا تۇخۇم، پوشكال،
قايماقلار دەستە - دەستە بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئەڭ چەتتىكى 5 - شياۋدۇيدە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان
ناسىر شۇجىمۇ شۇ كېچىسى توت كىلومېتىر يولنى يۈگۈرۈپ
دىگۇدەك بېسىپ، ياڭچۇنخۇانى يوقلاپ كەلدى، زورەم
ئۇنى كورۇپلا ھال ئېيتتى:

— شۇجى، ياڭ ئاچامنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولماي-
دۇ، تۈنۈگۈندىن بېرى ئىككى قېتىم ھوشىدىن كەتتى...

ناسىر شۇجىمۇ ياڭچۇنخۇانىڭ رەڭگى - روھىغا قاراپلا شۇ
قارارغا كەلگەن ئىدى، شۇڭا، كەچ بولۇشىغا قارىماي يول
تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى، لېكىن ئۇلار سە-
پەرگە چىقىشتىن سەللا بۇرۇن — كەچ سائەت 10 دىن ئاش-
قاندا شىپاخانىغا بىر جىددى كېسەل كېلىپ قالدى، ئۇ، تۇ-
غۇپ ئىككى سائەتتىن كېيىنمۇ بالا ھەمرىيى چۈشمەي، خۇن
كوپ كەتكەچكە ھوشسىز ياتاتتى. زورەم ياڭچۇنخۇادىن ئۆگە-
نىۋالغان ئۇسۇلى بويىچە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ بالىياتقۇسىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇۋۇلاپ داۋالىدى، كېيىن ئۇنۇمى بولمىدى، كېسەلنىڭ ئەھ-
ۋالى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، ئۇنىڭ ئېرى تىت - تىت بولۇپ
زورەمدىن ئاستا سورىدى:
— ياڭ دوختۇرنىڭ كېسەلنى كورۇپ باققۇدەك ھالى
بارمىدۇ؟
زورەم ئىنتايىن ئوڭايسىزلىق ۋە بىر خىل ئىچكى ئازاپ
بىلەن:
— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بالا ھەمرىيىنى قىرىپ چۈشۈرۈش-
كە توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇنداق ئوپېراتسىيىنى ياڭ
دوختۇرلا قىلالايتتى، لېكىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئىككى كۈندىن
بېرى ئۇدا چۈشمىدى... — زورەم ياشقا تولغان كوزلىرىنى
چەتكە بۇرىۋالدى.
ۋاقىت ئۇچقاندەك ئوتمەكتە، كېسەل ئەھۋالىنىڭ بارغان-
سېرى خەتەرلىك بولۇشىغا ئەگىشىپ، دۇنياغا يېڭىلا كوز
ئاچقان تۇنجى بوۋاقنىڭ ھەسرەتلىك ئىڭرىشى ياش ئاتىنىڭ
قەلبىنى تىغىمۇ قاتتىق مۇجىدى. ئۇ ئاخىرى چىداپ تۇرال-
ماي ياڭچۇنخۇانىڭ ياتاق ئويىگە ئاستا كىردى، كىرديۇ
ياڭچۇنخۇانىڭ ئەھۋالىنى كورۇپلا سوزىنىنى ئىچىگە يۇتۇپ
ئارقىسىغا ياندى، لېكىن قاتتىق قىزىتمىدىن كېيىن ئەمدىلا
ھوشىغا كەلگەن ياڭچۇنخۇا بىرسىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى سەز-
دى - دە:
— كىم؟ — دەپ ئاستا بېشىنى بۇرىدى.
— ياڭ دوختۇر، بالىنىڭ ئاپىسى... — ئۇ سوزىنىڭ ئاخىرى-
نى تەسلىكتە ئىچىگە يۇتۇپ ئارقىسىغا ياندى، كېسەل ئازاۋىدا
ياتقان ياڭچۇنخۇانى بىئارام قىلىشقا ياش ئاتىنىڭ قەلبى
چىدىمىغان ئىدى.

— توختاڭ... بالىنىڭ ئاپىسىغا... نېمە بولدى؟ — ياڭ چۈنخۋا ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، لېكىن بېشى قېيىپ يەنە لاسسىدە يېتىپ قالدى.

— بالىنىڭ ئاپىسى يامان بولدى... — ياش ئاكىنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، ئۇ ئالدىراپ ئېيتىپ سالغان بۇ گەپكە پۇشايمان قىلدىمۇ ئەتىمالىم، دەرھال سۆزىنى باشقا ياققا بۇرىدى، — ياڭ دوختۇر، سىزنىڭ تېزرەك ساقىيىپ كېلىشىڭىزنى كۈتىمىز، مەن چىققاي...

— يولداش، توختاڭ... مېنى يۆلەڭ... كېسەلنى تەكشۈرۈپ باقاي....

شۇ ئەسنادا ياتاققا كىرگەن زورەم ياڭچۈنخۋانىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى:

— ياڭ ئاچا، سىز قوزغالماڭ! قارىڭا، بەدەنلىرىڭىز ئوتتەك قىزىپ كېتىپتۇ.

ياڭچۈنخۋا ئىسسىق قوللىرى بىلەن زورەمنىڭ ياش تامچىلىرى سىرغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەنسىرىمەڭ سىڭلىم، مەن تېخى ئىشلىيەلەيمەن... ئۇ، زورەم بىلەن ياش ئاتىنىڭ يانتاياقلىغىدا دەلدەڭشىپ يۈرۈپ ئىشىكتىن چىقتى، كەچكۈزنىڭ سوغاق شامىلىغا چىقىش بىلەنلا «ھو» قىلدى. ياتاق بىلەن شىپاخانىنىڭ ئارىلىقى 20 مېتىردىن ئاشمىسىمۇ، لېكىن ياڭچۈنخۋا ئۇدا ئۈچ قېتىم قۇرۇق قەي قىلدى. بۇنى كۆرگەن ياش ئاتىنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئېچىشىپ:

— ياڭ دوختۇر، سىز كۆكشى دوختۇرخانىسىغا بېرىۋېرىڭ! — دەپ ئۇنى ئارقىغا ياندۇرماقچى بولدى، لېكىن ياڭچۈنخۋا بېشىنى قەتئى چايقاپ ئالغا قەدەم تاشلىدى....



ئۇنىڭ يۈزى تاتىرىپ، لەۋلىرى قىسىلىپ تۇرىسىمۇ، قاتتىق ئورۇندۇقتا لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ، زورەمنىڭ كېسەل ئەھۋالى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى ۋە ناھايىتى زور كۈچ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، زورەمدىن ئۆزىگە پەلەي كىيگۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە كېسەل كارۋىتىنىڭ يېنىغا كەلدى، زورەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۆلەپ تۇراتتى. ياڭ چۈنخۋا پۈتۈن زېھنى ۋە كۈچىنى يىغىپ، تۇنجى تۇغۇتلۇق بۇ ياش جۇۋاننىڭ بالا ھەمرىيىنى قىرىپ ئېلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ باش-كۆزىدىن ئاققان تەر كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ ناھايىتى زور مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشلىتىپ، بالا ھەمرىيىنى ئاخىرى ئوڭۇشلۇق قىرىپ ئالدى.

زورەم ياڭ چۈنخۋانى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن ئىدى...

— ياڭ ئاچا!...

— ياڭ دوختۇر!....

ياڭچۈنخۋا ئاستا كۆزىنى ئاچقاندا، ئەتراپى كىگىزلەر بىلەن ئورالغان ئات ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ بولۇنغان ئىدى، بېشىدا قاراپ تۇرغان تونۇش چىرايلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك بولۇپ قالغان شىپاخانا ئۇنىڭغا خۇددى پىقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى....

ھارۋا قوزغالدى، كەچكۈزنىڭ بۇ جىمجىت، سوغاق شاماللىق يېرىم كېچىسىدە ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان بىر توپ كىشىلەر خاتىرجەمسىزلىنىش، سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قالدى، زورەمنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل ياغلىقى يېڭى چىققان ئاي نۇرىدا تېخىمۇ تاۋلىنىپ، خېلىغىچە

لەپشىپ تۇردى......

× × ×

ھارۋا تاڭ يورۇشى بىلەن دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. ياڭچۇنخۇا «مېنىڭكىت خاراكتېرلىق بەزگەك» دەپ دىياگنوز قويۇلدى، لېكىن ئۇ، قىزىتمىسى داۋاملىق ئۆرلەش جەريانىدا جەددىيدىن تاشقىرى چارچىغانلىقى ۋە كۆپ تەر چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، چۈشتىن كېيىن نەپەستىن توختىدى. ئۇنىڭ دائىم چوڭقۇر، تىقىچە تۇرىدىغان يېقىملىق كۆزلىرى مەڭگۈگە يۇمۇلدى...

توقايدا ئەزەلدىن ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئاز بولغان ئەمەس! لېكىن ھېچقانداق مۇسىبەت توقايلىقلارغا بۇنىڭدەك ئېغىر ۋە دەھشەتلىك تۇيۇلغان ئەمەس، چۈنكى، ئەمدىلا 25 ياشقا قەدەم قويغان ياڭچۇنخۇانىڭ قىسقىغىنا ھاياتى توقاي خەلقىنىڭ قەلبىگە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۆچمەيدىغان شانلىق ئىز سالغان!...

بىرسىنىڭ تونۇش ئاۋازى مېنى خىيالدىن سەگىتتى، قاردەك ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، چىرايىدىن تېخىمۇ ھازىدارلىق چىقىپ تۇرغان ناسىر شۇجى قولىدىكى كەتمەنگە تايىنىپ يېنىمدا تۇرۇپتۇ.

— زورمۇ، كۆڭلۈڭنى بۇزما قىزىم! — دېدى ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ، — ياش بىلەن ئۇنىڭ ئۆمىدىنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ، ياڭچۇنخۇا ماڭغان شانلىق يول ئەمدى سېنىڭ دادىل بېسىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىدۇ!



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

راست، ياڭچۇنخۇانىڭ ئىزىنى بېسىش، ئۇ ئاچقان شانلىق يولنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش مېنىڭ خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچۇم!

سۆيۈملۈك ياڭ ئاچا! سىز خاتىرجەم يېتىڭ، سىزنىڭ قان - تەر بىلەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەربىيىلىگەن شاگىرتىڭىز سىز قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىشلارنى چوقۇم قىلىدۇ!

مەن قىزىل خاتىرىنى كۆكسۈمگە تېڭىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ناسىر شۇجى بىلەن بىللە يىراقتىكى قەۋرىگە كۆز تىكتىم، گۈلچەمبىرەكلەر بىلەن ئورالغان قەۋرە بېشىدىكى بىر تۈپ قىزىل يۇلغۇن كەچ كۈز شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قىزغۇچ چېچىكى يىراقتىن خۇددى ياڭچۇنخۇانىڭ ئوتلۇق يۈرىكىدەك تېخىمۇ چوغلىنىپ كۆرۈنەتتى....

1978 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# گۈلخان

## I

ئۇنىڭ قەلبىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان رەنجىش پەيدا بولغان
ئىدى، ئەجبا، بۇ رەنجىش نەدىن ۋە كىمدىن كەلدى
كىن؟......
ئۇ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى پۇرلاپلا يانچۇغىغا تىق
تى - دە، بۇرغىلاش سەھنىسىدىن چۈشۈپ، 40 نەچچە مېتىر
ئېگىزلىكتىكى ۋىشكىغا ياماشتى، ئۇنىڭ مىتالدەك قاتتىق قول
لىرى ۋىشكا بالداقلىرىنى شۇنداق مەھكەم قامايتتى، پۇتلى
رىمۇ شۇنچە چەبدەس ئىدى. ئۇ بۇرۇن ھەر قېتىم ۋىشكا
ئۈستىگە چىققاندا، بوينىنى سوزۇپ مانا شۇ پايانسىز چۆل
ئىچىدىن ئاللىكىمنى ئىزلەۋاتقاندەك يىراق - يىراقلارغا
خىلىغىچە قاراپ قوياتتى، بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ قەل
بىگە ئېغىر رەنجىش سالغان ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەزدىكى
تۆت ئېغىز خەتنى ئۇنتۇشقا، پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا بېرىشكە
ھەركەتلەندى، لېكىن بۇ ئۇلگۈر خەت ھامان ئۇنىڭ ياد
چۇغىدىن ئاستا سوزۇلۇپ چىققان غايىۋانە بىر قولدەك ئۇنىڭ
يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. ئۇ چاپىنىنى سېلىپ تاشلىدى، ھەتتا
بەنجاڭنىڭ توۋەندىن بېرىۋاتقان بۇيرۇغىنى ئاڭلىماي قېلىش

نىڭ ئەنسىرىگەنلىدەك، قۇلاقچىسىنىمۇ ئېلىۋېتىپ جان - جەھلى
بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. قۇرغاق شامال ئۇنىڭ چاچ
لىرىنى ئۇۋىلاقتىن - بۇيىاققا ئۇچۇراتتى. ئىزغىرىن شامال
ئۇنىڭ ئىككى قەۋەت پوپايكىسىدىن ئۆتۈپ يىگىنىدەك
سانچىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قىزىپ كەتكەن
ئىدى. ئۇ شۇ ھالدا قانچىلىك ئىشلىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەز-
مەي قالدى، بىر چاغدا بەنجاڭنىڭ قولىنى كاناي قىلىپ
تۇرۇپ:
— قەيسەر، قايتىپ چۈش! روزى تۇتقان بولساڭمۇ، ئىپتا
لىلىدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى...... — دىگەن ئاۋازىنى
غىرە - شىرە ئاڭلىدى.
ئۇنىڭ كوڭلى ھېچنەرسە تارتمايتتى، ئۇ قاچىسىدىكى سەي
نى مالتىلاپ، ناننى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ ئولتۇرغاندا
كېرىم بۇرغا چاخچاق قىلدى:
— قەيسەر، ساڭا گۈلخاننىڭ خېتى ھەپتىلىك ناشتا
بوپتۇ - دە!
ئارىدىن يەنە بىرسى لوقما سالدى:
— گۈلخاننىڭ خېتىنى كورۇپلا، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ پارچە
سى جەرەن بولاقچا كەتتى.
— ھا... ھا... ھا...
كۈلكە - چاخچاقلار قەيسەرگە تەسىرمۇ قىلمىدى، ئەگەر بىر-
نەچچە كۈن بۇرۇن بولىدىغان بولسا، ئۇمۇ بۇنداق چاخچاق-
لارغا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ جاۋاپ بەرگەن بولاتتى، لېكىن
ھازىر ئۇنىڭدا بۇنچىلىك ھەۋەس يوق. قەيسەر تامىقىنى
چالا - بۇلا يەپلا سىرتقا چىقتى، يۇلغۇن بىلەن سوكسوك
قاپلىغان دالىدا بىر ئاز ئايلىنىپ، ھىلىقى خەتكە يەنە كوز

يۈكۈرتتى:
"قەيسەر! — دەپ يېزىلغان ئىدى ئۇنىڭدا قىسقىلا قىلىپ، — سىز كۈتمىگەن يەردىن بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن ئەمدى سىز كۆرگەن گۈلخان ئەمەس... مېنى ئۇنتۇپ، بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن!..."
قىزىق، قەيسەرنىڭ بەختلىك بولۇشى گۈلخان بىلەن ئۇمۇرۋايەت قوش مېغىزدەك بىللە ئۆتۈشىدە ئەمەسمىدى؟!......
قەيسەر كۆزىنى يۇمۇۋالدى، قەلبىدە بولسا ناھايىتى ئاچچىق، ھەتتا مانا شۇ چۆلدىكى ياڭاق بىلەن ئەمەندىنىمۇ بەتتەررەك ئاچچىق پەيدا بولدى. ئۇ گۈلخان بىلەن تونۇشۇپ-سىردىشىپ كەلگەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزئارا باغاقچىلىكمۇ خەت يېزىشمىغان، ئاز دېگەندە ئايدا بىرەر قېتىم ئۇچرىشىپ نېفىت شەھرىنىڭ گۈزەل كېچىلىرىنى، جۇڭغار ۋادىسىنىڭ جۇشقۇن ھايات مەنزىرىسىنى بىللە تاماشا قىلىشاتتى، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى غايىلىرى، بەخت-ئىستىقباللىرى توغرىسىدا مۇڭدىشاتتى، ساپ مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق كۆزلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇچقۇندەك نۇرلار چاقنايتتى. يەر قەھرىدىن نېفىت فونتانلىرىنى ئېتىلدۇرۇشتا پىششىقان مەزمۇت قوللار بىر-بىرىنى سىقىشقاندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىللىق بىر ھارارەتتىن ھوزۇرلىناتتى...
لېكىن ئەمدىلىكتە مانا بۇ خەت قەيسەرنىڭ قوللىرىنى مۇزلىتىۋاتىدۇ، بۇ مۇز ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ سوۋۇتۇشقا ئورۇنماقتا. ئۇ، خەتنى بىر مىجىقلىدى-دە، تاشلىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن يەنە كۆڭلى قىيمىدى، "بۇ زادى قانداق سىر؟! گۈلخان شۇنچىلىك يېنىك تۇيغۇلۇق قىز بولسا-ھە؟ ئىككى يىللىق مۇھەببەت ئىككى ئىلىك خەت بىلەن



ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنامدۇ؟!......"
شۇ تاپتا قەيسەرنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئۆزى ئۈچۈن ئېغىر رەنجىش ئېلىپ كەلگەن بۇ خەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكى چۇلغىۋالغان ئىدى.

## II

قەيسەر ئىككى كۈننى خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك مەسخۇش ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت بىلەن نەپرەت تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز، كۈنلىرىنى مەنىسىز قىلىۋەتتى، لېكىن ئىشقا كەلگەندە، ئۇ يەنىلا يولۋاستەك ئىشلەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاچچىق ھەسرەتلىرى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا سىر بولۇپ قالدى.
3 - كۈنى ئۇ ئىشتىن ئەمدىلا چۈشۈپ ياتاقتا يۇيۇنۇۋاتقاندا، ئىشىكنى مۈرىسى بىلەن ئىتتىرىپ كىرگەن كېرىم بۇرغىنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— لايىغىڭنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونۇپتۇ، تەلەيلىكسەن-دە نېفىتچى دەم! — كېرىم بۇرغا ئېيىق شاپىلىغىدەك قوللىرى بىلەن قەيسەرنىڭ دومبىيىپ تۇرغان سۆڭگەكچىگە يەڭگىلگىنە بىرنى سالدى.
قەيسەر سوپۇن ماغزاپلىرى ئېقىپ تۇرغان بېشىنى كېرىمگە بۇراپ:
— ئۇنىڭ بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنى سەن نەدە كۆردۈڭ؟ — دېدى ۋە خۇرسىنغان ھالدا قوشۇپ قويدى، — ئاسماندىن تاۋار ياغسا، تۇمارلىق تەگمەيدىغان تەلەيسىزمەن......



www.uyghurkitap.com

— مانا ساڭا تۇمار، — دېدى كېرىم قولىدىكى «لېنىن-
گېزىتى» نىڭ يېڭى بىر نۇسخىسىنى شارتتىدە يېيىپ، — بۇنى
قولتۇغىڭغا ئەمەس، دەل كوكسۇڭگە ئېسىۋالساڭمۇ يارىشىدۇ.

قەيسەر يۈز - كوزلىرىنى ئۇياق - بۇياق سۇرتۇپ، كې-
رىمنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئالدى، ئۇنىڭ كوزى گېزىتنىڭ
بىرىنچى بېتىدىكى قىزىل رەڭ بىلەن نەقىشلىك قىلىپ يېزىلغان
"جەڭگىۋار بۇرغىچى" دېگەن چوڭ ماۋزۇغا چۈشكەندە، بىر ھا-
زاغىچە تۇرۇپلا قالدى. خەۋەر خېلى ئۇزۇن ئىدى. قەيسەر
ئۇنىڭ باش قىسمىدىكى "نېفىتلىغىمىز بويىچە قانات يايغان
چوڭ بىرلەشمە جەڭنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە، 3268-قىزلار
بۇرغىلاش دۇيىنىڭ بۇرغىچىسى گۈلخان ئولۇم خەۋپىگە قا-
رىماي 3000 مېتىر قېزىلىپ بولغان قۇدۇقنى ئېغىر ھادىسە-
دىن ساقلاپ، سەپدىشى شياۋلەننى قۇتقۇزۇپ، نېفىت رايونى-
مىزنىڭ قەھرىمان ئۇلگىسى بولۇپ قالدى ......" دېگەن قۇر-
لارنى ئوقۇغاندا، ئىختىيارسىز يۈرىكى دۇپۇلدىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ياتاققا توپلانغان نېفىتچىلار ئارىسىدا
گۈلخاننىڭ ئىش-پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر قىزىپ
كەتتى، بۇ سورۇن ئۈستىگە پىشقەدەم دۇيجاڭمۇ كىرىپ قال-
دى. ئۇ، تۇماچە ياستىۋالغان بۇرۇتىنى تىلى بىلەن يالاپ
قويۇپ، ھېلىقى گېزىتنى قولدىن-قولغا ئېلىپ كورۇۋاتقان
يىگىتلەرگە قاراپ دېدى:

— گۈلخان قىز بىزگە جەڭ ئېلان قىلدى. قېنى قاي-
سىڭلار كېلەر غېتىمقى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا
ئۇنىڭ بىلەن بىر بەندىگىدە يانمۇ-يان ئولتۇرۇشقا ۋەدە بې-
رەلەيسىلەر؟

بۇ سوز خۇددى قەيسەرگە ئېيتىلىۋاتقاندەك باشقىلارنىڭ

كوزلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئاغدى، ئۇ بىرئاز ئوڭايسىزلاندى.

دۇيجاڭ سوزىنى داۋام قىلدى:

— گۈلخاننىڭ روھىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك، يىگىتلەر،
ئۇ نېفىتلىغىمىزنىڭ پەخرى! — ئۇ گېزىتتىن ئوقۇغان خەۋەر-
كە ئۇزىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى قوشۇپ ئىشتىياق بىلەن سوزلەش-
كە كىرىشكەندە، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى ھەۋەس ۋە ئىل-
ھام ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. قەيسەرمۇ خېلىلا ھاياجانلان-
دى، بۇ ماختاشلار گويا ئۇنىڭغىمۇ تەئەللۇقتەك كوزلىرىدە كۇل-
كە شولىسى ئەگىدى. لېكىن ئۇ تاماكا خالتىسىنى ئېلىش
ئۇچۇن يانچۇغىغا قولىنى سېلىۋىدى، ھېلىقى خەتكە قولى تې-
گىش بىلەنلا يەنە سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ ئويچان ھالدا، سا-
قىلى ئوسۇپ قالغان ئۇچلۇق ئىڭىكىنى گىرەلەشكەن بارماقلى-
رى ئۇستىگە قويۇپ، غەمكىن كوزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنى-
چە ئولتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى ئوزى ئۇچۇن
تونۇش بولغان يىراقتىكى قىزلار بۇرغىلاش دۇيىنىڭ ھەيۋەت-
لىك ۋېشكىلىرى ئۇستىدە ئەگىشكە باشلىغان ئىدى. قەيسەر
كوزلىرىنى يۇمۇپ، گېزىت خەۋىرىدىكى تەپسىلاتلارنى ئويلى-
دى، تەپسىلاتلار بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىدا شاۋقۇن-سۇرەنلىك
جانلىق مەنزىرە بولۇپ شەكىللەندى: قىزلار بۇرغىلاش دۇيى
جانىبدالىق بىلەن ئىشلىمەكتە، قۇدۇق 3000 مىڭ مېتىر بى-
خەتەر قېزىلىپ بولدى، گېولوگىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا،
نېفىت كوزىنىڭ ئېچىلىشىغا پەقەت يۈز نەچچە مېتىرلا قال-
غان. قىزلارنىڭ قەلبىدە قۇدۇقنى مۇددەتتىن بۇرۇن قېزىپ،
چوڭ بىرلەشمە جەڭگە سوغا قىلىش ئىستىكى ئۇرغۇيتتى، شۇ-
ڭا ئۇلار نوۋەتتىكى تۇرۇبىلارنى ئۇلاپ چۈشۈرۈش ئۇچۇن
ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزدى. ئىككى قولى بىلەن تورمۇز-

لى قاماپ تۇتقان ياردەمچى بۇرغىچى شىاۋلەن بۇيرۇق كۈتمەكتە.

گۈلخاننىڭ بۇيرۇق ئىشارىتى بىلەن تورمۇز بوشىتىلىپ، 40 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك تۇرۇبا مۇنارى ئاستا سىرىلىپ يەر قەھرىگە شۇڭغۇشقا باشلىدى ......

كىرپىكلىرىدىن ماڭلاي چاچلىرىغىچە ئاپپاق قىرو باغلىغان گۈلخاننىڭ سەگەك كۆزلىرى بىردە يەر ئاستى مەشغۇلاتىنى كۆرسەتكۈچى چوڭ قىزىل سائەتكە، بىردە نورمال سۈرئەت بىلەن قۇدۇققا چۈشۈۋاتقان تۇرۇبىلارغا قارايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىسسىق تاپقاندەك شىاۋلەنگە قاراپ چەپ كۆزىنى قىسىپ، ئىللىققىنا كۈلۈپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن باشلانغان كۈلكە زىناقلىق يۈزلىرىگە بېرىپ تارىغىچە، شىاۋلەننىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ قالدى. نەق شۇ چاغدا سىم ئارقان ئۈزۈلگەن بارابان ئارقىغا يېنىپ كېتىپ، تورمۇز كۆتىرىلىپ كەتكەن ئىدى، شىاۋلەن پۈتۈن بەدىنىنىڭ سالمىقى بىلەن تورمۇزنى باسقان بولسىمۇ، لېكىن تورمۇز ئۇنى كۆتىرىپ كېتىۋاتقاندەك پۇتلىرى تىپىرلاپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ "ۋاي بولمىدى ..." دېگەن ئەنسىز ئاۋازىمۇ گۈلدۈرلەپ تۇرغان موتورلار ئىچىدە غايىپ بولۇپ كەتتى. گۈلخاننىڭ كۆزى 270 گىرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ پىقىراۋاتقان سائەت ئىستىرىلكىسىدىن يۆتكىلىپ، بىنورمال سۈرئەت بىلەن شۇڭغۇۋاتقان تۇرۇبىلارغا چۈشكەندە، خۇددى بېشىدا چاقماق چاقىغاندەك تېنى شۈركەندى: ئەگەر 40-50 توننا ئېغىرلىقتىكى بۇ تۇرۇبىلار ئاشۇ سۈرئەت بىلەن گۈلدۈرلەپ چۈشىدىغان بولسا، قۇدۇق بىلەن بىللە نۇرغۇن جابدۇقلارنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى، ئۇ چاغدا ...... گۈلخاننىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، ئۇ موتورخانا بىلەن [illegible]لىق ئېرىتمىدە ئىشلەۋاتقانلارنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى-دە، ئۆزى تورمۇزغا قاراپ ئېتىلدى. شىاۋلەننىڭ يۈزلىرى قەغەزدەك ئاقىرىپ، كۆزلىرى پاقىراپلا قالغان ئىدى، گۈلخان پۈتۈن كۈچى بىلەن تورمۇزنى باستى، ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى ئامبۇردەك تورمۇز تۇتقۇسىغا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. تۇرۇبىلارنىڭ سۈرئىتى بىر ئاز ئاستىلىدى، لېكىن يەنە بىر كۈتۈلمىگەن پىشكەللىك يۈز بەردى، قاتتىق تارتىلىشتىن زورۇققان پولات ئارقان ئۈزۈلدى ......

— قەيسەر، — كېرىم بۇرغىنىڭ غودۇدۇك ئاۋازى قەيسەرنى خىيالىدىن سەگىتتى، — بېشىڭنى چېتىشقا تىقىپ ئىمانچە خىيال قىلىپ كەتتىڭ! قورقما يىگىت، ئۇنى سەندىن ھېچكىم تارتىپ كېتەلمەيدۇ ......

— ھىم ... — دېدى چاچلىرى مېتىنس قوينىڭ يۇڭىدەك پاخپىيىپ كەتكەن ھاشىم دىمىغىنى قېقىپ، — ئۇ تارتىپ كەتكىلى بولمايدىغان مايتاغنىڭ مىڭ تونىلىق ماي تۈگمىتى؟ قىز دېگەن كىم دان چېچىپ بەرسە، چوقۇلداپ كېتىۋېرىدىغان چوجە.

— ھاي-ھاي! — دېدى كېرىم ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — مۇشۇ سۆزلىرىڭنى قىزلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، بۇدۇر چاچلىرىڭنى خوراز پەيلىرىدەك يۇلۇۋەتمىسۇن يەنە!

گاز پىلىتىسىنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىۋاتقان بىر سەييۇ ئىشچىسى سۆزگە ئارىلاشتى:

— ئالتۇنلىنى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن چىقىدۇ. ئاغىنىلەر، گۈلخاننىمۇ ئۇنداق قىزلارغا ئوخشاتقىلى بولماس، ھەر ھالدا ئۇنىڭمۇ نام-شۆھرىتى چىڭگىز تېغىدىن ھالقىپ، مايتاققىچە كەتتى. ئۇ

ئەمدى بۇرۇنقى گۈلخان ئەمەس، كۆكسىگە قادالغان گۈللەر كىمنىڭ
كۆزىنى قىزارتمايدۇ دەيسەن. كىم بىلىدۇ، ئەتە - ئۆگۈن
كادىر بولۇپ، ئارقىدىن ئىس چىقامدۇ تېخى، ئۇ چاغدا بىز-
نىڭ قەيسەرمۇ "ۋاي توختىسىلا - توختىسىلا ......" دەپ
يېتىشەلمەي قالارمىكىن......

قەيسەرنىڭ خورلۇغى كەلدى، گويا كېلىنغا قىلتىرىق تۇ-
رۇپ قالغاندەك ئازاپلاندى. بۇرۇنقى چاغلار بولىدىغان بول-
سا، ھاشىمنىڭ شۇ سۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ پاخپىيىپ تۇرغان
چېچىدىن قاماپ تامغا ئىككىنى ئۇستۇرۇۋەتكەنمۇ بولار ئىدى،
بىراق بۇ سۆزلەر ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىش-
ماق بولۇپ، يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان خەتنىڭ سىرىنى يېشىۋەت-
كەندەك بولدى... ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى - دە، ئۈندى-
مەستىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

كەچكۈزنىڭ قوۋۇرغاق شامىلى سوقۇپ تۇراتتى، موتورلار
گۈرۈلدەپ، ۋېشكىلار كۆككە تاقاشقان بۇ كەڭ جۇڭغار ۋادى-
سى ئۇنىڭغا تولىمۇ تار بىلىندى، ئىككى يىلدىن بۇيان دا-
ۋام قىلىۋاتقان، شۇ نېفىت شەھىرىدە باشلانغان مۇھەببەت خاتى-
رىلىرى ئەسكە چۈشتى... خاتىرىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە،
باراقسان نەپىس گۈللەر بولۇپ ئېچىلىپ شوخ شامالغا
ئارىلىشىپ خۇشپۇراق تارقاتماقتا...

قەيسەرنىڭ كۆزىگە ئەنە شۇ گۈللەرنى ئارىلاپ كېلىۋاتقان
گۈلخان كۆرۈنگەندەك بولدى، لېكىن ئۇ بۇرۇنقى
گۈلخان ئەمەس، بېشىدا ناۋاترەڭ ھەلىلە ياغلىق، ئۈستىدە
لىفىرلاپ تۇرغان پىلاتا - يوپكا، پۇتىدا ئېگىز ئۆكچىلىك
مېغىزرەڭ ئاياق، قولىدا بولسا كادىرچە سومكا... ئۇ ئۈستىۋې-
شى ماي بىلەن لايغا مىلەنگەن قەيسەرنى كۆرۈپلا بېشىنى



سىلكىپ چەتكە بۇرۇلدى - دە، ئاللىقانداق بىر ناتو-
بىر
نۇش كولەڭگە تەرەپكە قاراپ كەتتى......

قەيسەر گويا يۈرىكىگە بىرسى پىچاق بىلەن سانجىغاندەك
سىلكىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا شاخاراپ كەتكەن بىر تۈپ
يۇلغۇن تۇراتتى. ئۇ يانچۇقىدىكى خەتنى ئالدى - دە،
"ۋاپاسىز!" دېگىنىچە مىجىقلاپ - مىجىقلاپ تاشلىۋەتتى، خەت
پىلدىرلاپ بېرىپ يۇلغۇن شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالدى......

## III

قەيسەر دەم ئېلىش كۈنىگە بارماق ساناپ دېگۈدەك ئۇلاش-
تى. ئۇ ئەتىگەنلىكى ياتاقداشلىرى تېخى تۇرمىغان چاغدا
يۇيۇنۇپ ئازراقلا ناشتا قىلدى - دە، تۇرۇبا توشۇۋاتقان
ماشىنىلارنىڭ بىرىگە ئولتۇرۇپ، جەرەن بۇلاققا قاراپ يولغا
چىقتى. ئۇ بۈگۈن گۈلخان بىلەن كۆرۈشۈپ، يۈزتۇرانە ئىككى
ئېغىز گېپىنى قىلىپلا ئارىنى ئوچۇق قىلىش قارارىغا كەلگەن
ئىدى. چەكسىز چۆل باغرىدا شامالدەك تېز ئۇچقان ماشىنا
بىر پەستە ئۇنى 100 نەچچە كىلومېتىرلىق مەنزىلگە يەتكۈ-
زۈپ قويدى...

ئەنە، قەيسەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىنلا 3268 - قىزىلار
بۇرغىلاش دۇيىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋېشكىسىمۇ كۆرۈندى، كىم بىلىدۇ،
گۈلخان ھازىر ئەنە شۇ ۋېشكىنىڭ ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپ، قەيسەرنى
كۆرۈپلا يۈزىنى چەتكە بۇرامدۇ تېخى!...

قەيسەرنىڭ قەدىمى ئاستىلىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
يۈرىكى يەنىلا دۈپۈلدەشكە باشلىغان ئىدى، بۇ دۈپۈلدەش
ھاياجاندىنمۇ ياكى خورلۇق - ئەلەمدىنمۇ، بىلگىلى بولمايت-

نی. شۇ چاغ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر قىز كېلىپ قالدى،
قەيسەر ئۇنى تونۇدى، ئۇ مۇشۇ بۇرغىلاش دۆينىڭ تېخنىكى
قايشا ئىدى. ئۇلار قىسقىچە پاراڭلاشتى، قىز دەم ئېلىش ئۈ-
چۈن يۇرتىغا بېرىپ ئاخشام كەپتۇ، بۈگۈن سەپداشلىرى بى-
لەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىش مەيدانىغا كېتىۋاتقان ئىكەن.
بۇ ئۇچرىشىش قەيسەرگە خوپ كەلدى، ئۇ ئەتىكەن يانچۇ-
قىغا سېلىۋالغان كىچىككىنە تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ:
— ئالدىراپ تۇرىمەن، بۇنى گۈلخانغا بېرىپ قويارسىز،
ئاۋارە قىلدىم... — دېدى - دە، تېزلا ئارقىغا ياندى.

★

تاڭ شەپىقى سەھەرنىڭ سۈس تۇمانىنى قىزىللىققا بويىغاچ،
كەڭ دەرىزىدىن ئىچىپ كىرىپ ئازادە ياتاقنى تېخىمۇ يورۇ-
تىۋەتكەن ئىدى. گۈلخان ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتاپ
كۆرۈۋاتاتتى.
«تاك - تاك» چېكىلگەن ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بولدى،
ئىشىك قىيا ئېچىلىپ قايشانىڭ يېرىم گەۋدىسى كۆرۈندى ۋە
ئۇ ھاياجانلىق ۋاقىرىۋەتتى:
— گۈلخان!......
ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قايشا ئۇنىڭ داكا بىلەن
ئېلىۋالغان يۈز - كۆزلىرىگە، قاتمۇ - قات بىنتلار بىلەن ئو-
رىۋەتكەن سول قولىغا قارايتتى، قارىغانسېرى كۆزلىرىدە قاي-
ناقتۇ بىر ئىچكى ئازاپنىڭ كولەڭگىسى ئەگىيتتى، لەۋلىرى
لىپىلداپ، ئەگىم قاشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.
گۈلخان ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزدى ئەتىمالىم،



لەبى خۇش پېيلىلىقى بىلەن گۈنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى:
— قارىڭا قايشا، پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتتىم، دوخ-
تۇرلارمۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چىقىپ كېتىشىمگە قوشۇلۇپ-
دى، — ئۇ قوللىرىنى، پۇتلىرىنى ئۆزىچە ھەركەتلەندۈردى ۋە
بىردىنلا بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، — ۋاي ئېسىم قۇرۇ-
سۇن، ئويدىكىلىرىڭىز تېچلىقمىكەن؟ ياخشى دەم ئېلىپ قايت-
قانسىز؟ — دەپ ئارقا - ئارقىدىن سوئاللارنى ياغدۇردى.
— ھەممىسى ياخشى، سىزگە كوپ سالام ئېيتتى، — دې-
دى قايشا ۋە ھاياجانلىق بىر تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، —
گۈلخان، كوپ جاپا چېكىپسىز، لېكىن قان بەدىلىگە كەلگەن
بۇ قۇدۇق ئەجرىڭىزنى بىكار كەتكۈزمەپتۇ، ھازىر ئۇنىڭدىن
سوتكىسىغا 80 تونىنا ماي چىقىۋاتىدۇ.
گۈلخان ھاياجانلاندى، كېچە - كۈندۈز تىنىمسىز ئېقىپ
چىقىۋاتقان نېفىت شاقىراتمىلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈ-
ۋىدە گۈكىرىگەندەك بولدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ھوزۇر بېغىش-
لايتتى، ئۇ نېپىز لەۋلىرىنى ھىمىرىپ كۈلۈپ قويدى.
— شياۋلەن ياخشىمۇ؟
گۈلخانىنىڭ سوئالى قايشانىڭ ئېسىگە شياۋلەنىنىڭ تەسىرلىك
سوزلىرىنى قايتا سالدى. قايشا كەلگەن كۈنىلا شياۋلەن ئۇ-
نىڭغا كوز يېشى قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر گۈلخان
مېنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسىۋالمىغان بولسا، مەن ئاللىقا-
چان ئۆزۈلگەن پولات ئارقانىنىڭ يېمى بولۇپ كەتكەن بو-
لاتتىم...... بىراق، گۈلخان مېيىپ بولدى......»
دەرۋەقە، گۈلخان مېيىپ بولغان ئىدى، پولات ئارقانىنىڭ
چۇۋۇلغان سىملىرى خۇددى ئوقيادەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇ-
نىڭ يۈز - كوزلىرىدىن قان جىرغاتتى، سول قولىنىڭ بار-



www.uyghurkitap.com

ماقلىرىنى بولسا قىلىچتەك ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى......
ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى، قايىشا ئەمدى قايتىش ئۈ-
چۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە تۇيۇقسىزلا گۈلخانغا بۇرۇلۇپ:
— ئاپلا...... — دېدى تاگلىيىنى چېكىپ، — قارىڭا،
سىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئامانەتنى ئۇنتۇغىلى تاس
قاپتىمەن، — ئۇ كىچىككىنە قەغەز بوپىنى گۈلخانغا سۇنۇۋې-
لىپ قوشۇپ قويدى، — ئامانەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىدىم،
ئۇ چاغدا مەن سىزنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىڭىزنى نەدىن
بىلەي.

قايىشا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. گۈلخان تۇگۈچنى ئالدى-
راپ يەشتى، ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئۆزى ئۈچۈن تونۇش بولغان
ئىككى نەرسە تۇراتتى. گۈلخاننىڭ قوللىرى تىترەپ، يۈرىك-
نىڭ دۈپۈلدىشى ئۆزىگە ئاڭلانغاندەك بولدى. گۈلخان ۋېش-
كا ئالدىدا تۇرۇپ چۈشكەن مانا شۇ توت سۈگلۈق رەسىمى
بىلەن ماۋۇ كەشتىلىك ياغلىقنى تېخى بىر يىل بۇرۇن قەي-
سەرگە مۇھەببەت يالدامىسى قىلغان ئىدى، مانا ئەمدى ئۇ
يەنە ئۆزىنىڭ ئالقىنىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ياغلىقنىڭ ئارىسىغا قىس-
تۇرۇلغان باغاقچىلىك خەتنى سىۋىرلاپ ئوقۇدى: "ماڭا بەخت
تىلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كوپ رەھمەت! سىزنىڭ كوكسىڭىزگە قا-
دالغان شەرەپ گۈلىنىڭ تىكىنى كوزۈمگە سانچىلار دەپ ئوي-
لىمىغان ئىكەنمەن، خەير!...... سىزنىڭمۇ ئوز خىيالىڭىز
بىلەن بەختلىك بولۇۋېلىشىڭىزنى تىلەيمەن!...... .
قەيسەر"

گۈلخاننىڭ نۇرلۇق ۋە خوشال كوزلىرى بىردىنلا مۇڭلە-
نىپ تۇمانلاشتى، ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، دەرىزە
ئالدىغا كەلدي، جەينىكي بىلەن دەرىزە تەكچىسىگە يولىنىپ



ئەرلەپ قالغان ئەينەكنىڭ نەم يۈزىگە ماگلىينى تىرەپ ئويغا
كەتتى...... "نىمە ئۈچۈن ھەممىنى ئوچۇق يازمىدىم......
ئۇ ئازاپلىنىپتۇ، ئەمدى يېزىشىم كېرەك. كىممۇ ئوزىنىڭ ياخ-
شى كورگەن كىشىسىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالايدۇ!؟ قەي-
سەر ياخشى يىگىت، لېكىن ئەمدى مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى
بەختلىك قىلالمايمەن! ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ساغلام بىر قىزنى
يار قىلىشى كېرەك......"
لېكىن گۈلخان ئۆزىنىڭ مېيىپ بولغانلىقىغا قىلچە زارلىنىش
ھىس قىلمايتتى، ئۇنىڭ مۇھەببەت ھەم بەختى ئەنە شۇ كې-
چە - كۈندۈز گۈرۈلدەپ تۇرغان بۇرغا ۋېشكىلىرىنىڭ قۇد-
رەتلىك ئايلىنىشىغا قوشۇلۇپ، نېفىت فونتانلىرىنىڭ شاقىرىشى-
غا ئارىلىشىپ، بۇ كەڭ نېفىتلىقنىڭ گۈزەل كېلەچىكى بىلەن
باغلىنىپ كەتكەن ئىدى......

## IV

قەيسەرنىڭ كوزى بىر نۇقتىغا مىختەكلا قادىلىپ قالدى،
ئۇ نىمىگە شۇنچە قارايدىغاندۇ؟......
ئۇ، كىنوخانىنىڭ دەم ئېلىش ئويىدىكى ئەينەك جاھازىلىق
شەرەپ تاختىسى ئىچىدىن گۈلخاننى تېپىۋالغان ئىدى. ئەنە،
بېشىغا قۇلاقچا، ئۇستىگە نېفىتچىلارنىڭ شرىق چاپىنىنى كې-
يىۋالغان گۈلخاننىڭ سول كوكسىگە قىزىل گۈل تاقالغان،
خۇددى ئەتىردەك پورەك ئېچىپ تۇرغان بۇ گۈل ئۇنىڭغا
خويمۇ ياراشقان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئوز ۋاقتىدا قەيسەرنىڭ
خۇمارى بولغان كۈلگۈن چىرايى بىلەن ئوماق كوزلىرىگە
قانداقتۇر بىرنەرسە سايە تاشلاپ تۇمانلاشتۇرۇۋەتكەندەك

قولاق تۈۋىگە يېپىلىپ چۈشكەن چېكە چاچلىرىنى ئارقىغا قايرىۋېتىپ، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرىدى...

— ياقەي... — دېدى قەيسەر يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاران بېسىپ، — يېقىندا گېزىتتىكى ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇغانىتىم، ئاڭلىسام باشقارمىغا كادىر قىلىپ ئۆستۈرۈپتۇ دېيىشىدۇ.

ئاتىكەم ئېكراندىن كۆزىنى ئالماي ئاستا سۆزلىدى:

— ئۇ مېيىپ بولغان ئىكەن، باشقارمىغا يۆتكەپ مۇۋاپىق ئىش بەرمەكچى بوپتۇ، بىراق گۈلخان «بۇرغىلاش دۈيىمىنىڭ ئائىلەم، قۇدۇق بېشى ياتىقىم، ئۇمۇربويى ئۇ يەردىن ئايرىلمايمەن!» دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىپتۇ.

— مۇنداق دەڭ!... — قەيسەر لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى ۋە ئاخىرىدا ھولۇقۇپ سورىدى، — مېيىپ بوپتىكەن دەمسىز؟

قەيسەرنىڭ خىيالىغا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلى كۆرگەن گۈلخاننىڭ رەسىمىدىكى تۇمانلىق غەلىتە سايىلەر يەنە ئۇچۇشقا باشلىدى...

— سىزمۇ گۈلخاننى ئوبدان تونۇيدىغانسىز؟

ئاتىكەمنىڭ سوئالى قەيسەرنى بىرئاز ئىدەتمىرىتىپ قويدى، ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ:

— ھازىر ئۇنى كىم تونۇمايدۇ دەيسىز؟ مەنمۇ تونۇيمەن، لېكىن تازا بىلمەيمەن! — دېدى قەيسەر ۋە مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى، — بىر ئادەمنى بىلىش ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى بىللە يېيىش كېرەك ئىكەن.

— گۈلخان بىلەن بىر تاغار ئەمەس، بىر ئۆمۈر بىللە تۇز يېسىمۇ ئەرزىيدىغان قىز... — دېدى ئاتىكەم ۋە يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى سۆزلىمەكچى ئىدى، بىراق تاماشىبىنلارنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارافقىدە كۈلكىسى ھەر ئىككىلەننىڭ دىققىتىنى ...كىرىۋالغا تارتتى.

پاۋىل كورچاگىننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى جانلىق، تارتىملىق ۋەقەلەر ئۇلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، ئۇلار ھاياجانلىناتتى، كۈلۈشەتتى ۋە بەزىدە تەسىرلىنىپ تاڭلىيىنى چاككىلدىتاتتى. بولۇپمۇ تونەنىڭ ھىلىقى چوشقىدەك سولەتمەن ئېرى بىلەن پاۋىلغا ئۇچراشقان چاغدىكى كورۇنۇشلىرى تەسۋىرلەنگەندە قەيسەر ھاياجاندىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋاھ!... ئەجەپ باپلىدى-دە! — ئۇ پاۋىلنىڭ تونەگە قىلغان مەردانە سۆزلىرىدىن زوقلانغان ئىدى، — تونەدەك ۋاپاسىز قىزلار بىزدىمۇ ئاز دەمسىز؟! ئۇنىڭ يۈزى ئاق بولغان بىلەن كۆڭلى قارا! — قەيسەر ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. بۇ چاغدا ھىلىقى ماسكا تارتقان ناتونۇش قىزمۇ بېشىنى يەڭگىل سىلكىپ ئۇلۇق-كىچىك تىندى، قەيسەر بۇنى ئاڭلىدى، ئۆزى ئۈچۈن ھىسداشلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنگەن بۇ روھىي ھالەت بۇ قېتىم ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىملىق تۇيۇلدى...

ئاتىكەم نارازى بولغاندەك قەيسەردىن سورىدى:

— ئەر خەقلەر ھە دېسە گۇنانى قىزلارغا ئارتىپ، ئۆزەڭلارنىڭ قانىتىغا سۇ تەككۈزمەيسىلەر. ئېيتىپ بېقىڭا، ئەگەر پاۋىلنىڭ ئورنىدا تونە بولۇپ، پاۋىل ئۇنى شۇنداق ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالسا قانداق بولار ئىدى؟

— پاۋىل ئۇنى بېشىغا تاج قىلىپ قىساتتى دەڭا، چۈنكى ئۇ مەنىۋى گۈزەللىكنى ياخشى كورىدۇ، راست ئەمەسمۇ، چىراي تويدا كېرەك، مۇھەببەت بولسا كۆڭۈلدە!

قەيسەر بۇ سۆزلەرنى شۇنداق سەممىمىي ھىسسىيات بىلەن ئېيتتىكى، شۇ سوز بىلەن ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق

ئىپادىسىمۇ بىردەملىككە ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولدى.

— يۈرەكتىن نىمە چىقسا، پەقەت شۇنىڭ ئۆزىلا يۈرەككە ياقىدۇ، — دېدى ئاتىكام قايىللىق بىلەن، — مانا سىزدىن خېلى تۈز-تەمى بار گەپنى ئاڭلىدىم، سىزگە رىسقى چۈشكەن قىزنىڭمۇ تەلىيى ئوڭ كەلگۈدەك...

كىنو ئاخىرلاشتى. قەيسەر ئاتىكام بىلەن خوشلىشىپ كىنوخانىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئاتىكەمنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئەسلەپ ئويلىناتتى، تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى ماسكا تارتقان قىز گەۋدىلىنەتتى، ئۇنىڭ ئۇۋاق-كىچىك تىنىشى ۋە بەزىدە ھاياجانلىق نەپەس ئېلىشى، بولۇپمۇ كىنو ئاخىرلاشقاندا، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قەيسەرگە تىكىلىشى... ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزەينىكى بولمىغان بولسا، قەيسەر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزى ئۈچۈن سىرلىق بولغان مەنىلەرنى كۆرگەن بولار ئىدى، ئەپسۇسكى......

— قەيسەر!......

ئارقا تەرەپتىن چىققان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، ئۇ بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، كىنوخانىدىكى ھېلىقى تونۇش قىزنىڭ ئۆزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ماسكىنى يەشتى. قارامتۇل كۆزەينىكىنى ئالدى.

— گۈلخان!......

قەيسەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ بىر چاغلاردىكى چىرايلىق يۈزى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن ئوڭ كۆزىنى بېسىپ تاكى مەڭزىگىچە سوزۇلۇپ چۈشكەن ئىنچىكە بىر تاتۇق روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىر قارىماققا ئوڭ كۆزىمۇ سەل قىسىلىپ قالغاندەك ئىدى.



— قەيسەر، مەن ھەممىنى ئوچۇق يېزىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن سىزنى ئايايمەن دەپ ئازاپلىدىم...... — گۈلخانىنىڭ سۆزلىرى شۇنچە يېقىملىق ۋە خۇددى كۆزلىرىگە ئوخشاش سەممىي ئىدى، — مەن مېيىپ بولدۇم، ئەمما بۇ مېنىڭ ئىستىقبالىمغا تەسىر قىلالمايدۇ، لېكىن...... لېكىن بىز كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز، ياق، ياق...... مەن ئەمدى سىزگە لايىق ئەمەس، سىزگە يەنىلا بەخت تىلەيمەن!......

— گۈلخان!...... — قەيسەرنىڭ ئاۋازى دولقۇنلۇق ئىدى، — گۈلنى سۆيگەن ئادەم تىكىنىدىن قاچمايدۇ!

قەيسەر ئارتۇق گەپ قىلمىدى، ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن ھېس-تۇيغۇسى بىلەن ئارزۇ-ئىستىكىنى مانا شۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغقان ئىدى.

گۈلخانىنىڭ يۈزلىرى ئالمىدەك پاقىراپ، مېغىزرەڭ قاتما قوللىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ماسكىسى بىلەن كۆزەينىكىنى يەنە تاقىماقچى بولۇۋىدى، لېكىن قەيسەر:

— تاقاپ نىمە قىلىسىز؟ ئارتۇقچە يۈكقۇ، — دەپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى.

— دوختۇرنىڭ بۇيرۇغى ئىدى، قايتا يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرنەچچە ۋاقىت تاقاش كېرەك ئىكەن، مەيلى، ئەمدى - ۋنىڭچە بولسۇن، — دېدى گۈلخان ماسكا بىلەن كۆزەينىكىنى يانچۇقىغا سېلىپ.

قەيسەر گۈلخانىنىڭ سول قولىنى ئالقىنىغا ئالدى، بۇ قول گەرچە بارماقسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئوتلۇق ھارارەت ئاللىقاچان قەيسەرنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دۈپۈلدىشىنى تېزلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى، ئۇلار قوللىرىنى ئەنە شۇنداق زىچ گىرەلەشتۈرۈپ، مۇھەببەتنىڭ لەززەتلىك ئەللەيلىشىدە قىيغىتىپ مې-

گىپ، تالاي قېتىملىق يۈرەك سىرلىرىنىڭ شاھىدى بولغان باغچىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاسمانغا ئايمۇ چىقتى، ئۇ خۇددى كۈمۈش ھالقىدەك ھەيۋەتلىك چىڭگىز تېغىنىڭ ئۈستىدە ئېسلىپ تۇراتتى. قەيسەر كۆلخانىنىڭ ئاي نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان يۈزلىرىگە قارىدى، شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كېرىم بۇرغىنىڭ «ئۈستەڭ يارىشىغى تال، قىزنىڭ يارىشىغى خال» دېگەن سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى.

راست، نىمدىگەن يارىشىملىق خاللار-ھە؟! بۇ پەقەت ئاددى خاللا ئەمەس، بەلكى، يۈكسەك بىر مۇھەببەتنىڭ ئۇچمەس يالدامسى ئىدى......

1979 - يىل يانۋار، قاراماي



古力汗（短篇小说集）
（维吾尔文）
艾海提·吐尔迪著
责任编辑 祖尔东·沙比尔
新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米32开本6 3/4印张
1980年5月第1版 1980年7月第1次印刷
印数：1—7,000
统一书号：M10098·375 定价：0.32元